مۇھەممەت ھېكىم
ئابلەت جۇمە

# ئادەملەر شۇنداق بولىدۇ

# مۇھەررىردىن سۆز

ئاخباراتچىلىقىمىزدا قىسقا خەۋەر، ئادەتتىكى خەۋەر، سۈرەتلىك خەۋەر، زىيارەت خاتىرىسى، تەجرىبە تونۇشتۇرۇشى قاتارلىق شەكىللەرنىڭ تەرەققىياتى ناھايىتى زور بولغانلىقتىن، گېزىتلەرنىڭ ئاساسىي سالمىقىنى مۇشۇلار ئىگىلەپ كېلىۋاتىدۇ. ۋاھالەنكى، ئەدەبىي ئاخبارات، ئاخبارات ئوچېركى، ئەدەبىي خاتىرە قاتارلىق شەكىللەرنىڭ تەرەققىياتى بولسا بەكمۇ ئاستا بولۇۋاتىدۇ. مەلۇمكى، ئەدەبىي تۈس ئالغان ئاخبارات ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، ئۇ ئوقۇغۇچىنى ئىختىيارسىز جەلب قىلىۋالىدۇ. ئۇنىڭدا ئەمەلىي ۋەقەلەر ئوبرازلىق سۈرەتلەنگەنلىكتىن، شۇ دەۋرنىڭ مەلۇم تەرەپلىرىدىن، شۇنىڭدەك، تۇرمۇش ھالىتىدىن، ماددىي ۋە مەنىۋى كەيپىياتىدىن دېرەك بېرىپ، ئوقۇغۇچىلار قەلبىدىن ئورۇن ئېلىپلا قالماي، تارىخ بەتلىرىدە ساقلىنىدۇ. دېمەك، ئەدەبىي تۈس ئالغان ئاخبارات كىشىلەرگە تەسىر كۆرسىتىشتە ھەم تارىخ تەتقىقاتىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

بۇ توپلامغا كىرگۈزۈلگەن ئاخبارات ئوچېركلىرى، ئەدەبىي خاتىرىلەرنىڭ يېزىلىشى بىر قەدەر مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ، چىن ۋەقەلىكلەر كىشىنى قىزىقتۇرىدۇ،

تۇرمۇشتىكى مۇرەككەپ زىددىيەتلەر ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەر بىلەن تەسۋىرلەنگەچكە، ئوقۇغۇچى ئۆزىنى ئەشۇ مۇھىتتا ھېس قىلىدۇ. بۇ ئەسەرلەر كىتابخاننى پاكلىققا، باتۇرلۇققا، سەمىمىي سادىقەتلىككە، ئىشەنچ - ئۈمىدكە ۋە چىن مۇھەببەتكە دالالەت قىلىدۇ.

**تۇرغۇن ئوبۇلقاسىم**

1991 - يىل 7 - ئىيۇن، قەشقەر

# مۇندەرىجە


| | |
|---|---|
| ئۈمىدۋار يۈرەك ........................ | 1 |
| قىممەتلىك چېچەك ........................ | 12 |
| گۈزەللىك بەخش ئەتكۈچى ........................ | 27 |
| يولدىكى شارپا ........................ | 39 |
| ئۇ، ئىشنى مانا شۇنداق باشلىدى ........................ | 43 |
| پەرىشتىلەر سۇنغان قول ........................ | 57 |
| «بوستان» جاڭگىلىدا چاقنىغان نۇرلۇق چولپان... | 62 |
| شەپقەت ياغدۇرغۇچى ........................ | 89 |
| تاپشۇرۇق ........................ | 103 |
| مېيىپ ناخشىسى ........................ | 107 |
| ئادەملەر شۇنداق بولىدۇ ........................ | 119 |
| قەيسەرلىك قەسەمدىن كۈچلۈك ........................ | 132 |
| قۇلۇپساز ھەققىدە ھېكايە ........................ | 139 |

# ئۈمىدۋار يۈرەك

بىز 1- ئاينىڭ 14- كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك 1-خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمىگە ياسىن ئەمەتنى يوقلاپ كىرگىنىمىزدە، ئۇ، چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمگەن، چىرايى تاتارغان ھالدا تامنى تۇتۇپ، كارىۋات ئۈستىدە ئۆرە تۇراتتى.

بىز ئۇنىڭ بىلەن قىزغىن ھال - ئەھۋال سوراشقاندىن كېيىن:

— ياتسىڭىز پۇتىڭىز ئاغرىپ كېتەمدىكەن، - دەپ سورىدۇق.

— ئۆرە تۇرسام خېلى ئارام تاپىمەن، - دېدى ئۇ ھالسىراپ تۇرۇپ، - ياتسام قان ئايلىنىش تەسىرگە ئۇچرامدىكىن، ئاغرىق كۈچىيىدۇ، «ۋايجان» دەپ ۋارقىراشنى يامان كۆرىمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يەردىكى باشقا كېسەللەرنىڭ خاتىرجەملىكىنى بۇزىدىكەنمەن. شۇڭا ئۆرە تۇرۇۋالدىم ...

## خەتلەر

ياسىن ئەمەت بۇ دوختۇرخانىغا كېلىپ، ئون نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، مارالبېشى ناھىيىلىك ئەمگەكچىلەر ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئوبۇل سىدىقتىن مۇنداق بىر پارچە خەت تاپشۇرۇۋالدى:

«ھۆرمەتلىك سەبداش ياسىن ئەمەت، بۇ خېتىم بىلەن ھاياتىمنى شىپالىق تىلەۋاتقان سۇنۇق كۆڭلىڭىزگە تەسەللىي ئېيتىمەن. سىزنىڭ ئوپېراتسىيە قىلىنغانلىقىڭىزنى ئاڭلاپ، تاسادىپىيلىق ھېس قىلدىم، كۆڭلۈم يېرىم بولدى... ئىنساننىڭ ئۆز بېشىغا كېلىدىغان قىسمەتنى ئالدىنئالا بىلىۋالالىشى قىيىن، شۇڭا، قۇياشنىڭ زەررىچە نۇرىنى، زېمىننىڭ بىر قەترە سۈيىنى بەدەن قوبۇل قىلالىسا، شۇ كىچىككىنە پۇرسەتمۇ ئىنسان ئۈچۈن قىممەتلىك. ئادەم جىسمانىي جەھەتتىن نابۇت بولسىمۇ، يۈرىكىدىكى مەنىۋى يۈكسەكلىك ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، سىزدىكى بۇ خىل ئۈستۈنلۈك ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان — تاھازىرغىچە قەدەر بېشىڭىزغا كەلگەن بارلىق جاپا - مۇشەققەت ۋە كەمسىتىشلەر ئۈستىدىن غالىپ كېلىشىڭىزگە تۈرتكە بولدى. ئىشىنىمەنكى، ھېلىھەممۇ مۇشۇ روھ سىزگە تېخىمۇ گۈزەل، تېخىمۇ جۇشقۇن ھاياتىي كۈچ بەخش ئېتەلەيدۇ. بۇ جەھەتتە سىزنى قايسىبىر جىسمانىي جەھەتتىن نابۇت بولغان قەھرىمانغا سېلىشتۇرۇپ، سىزنى ئۇنىڭ روھىدىن ئۆگىنىشكە دەۋەت قىلىشنىڭ ئۆزىمۇ ئارتۇقچە ئىش، چۈنكى سىز ئۆز بېشىڭىزغا كەلگەن بۇ بەختسىزلىكنى توغرا تونۇيالايسىز... سىزنىڭ جىسمانىي جەھەتتىكى پۈتۈنلۈكىڭىزنى تەبىئىي ھالدا ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولمىسىمۇ، ھازىرقى تېببىي ئىلىم ساھەسىدىكى تېخنىكا تەرەققىياتىدىن قارىغاندا، سۈنئىي بولسىمۇ ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولىدۇ، بىز كەلگۈسىدە يەنە بىر سەپتە ئىشلەپ، ئەمگەك مېۋىمىزنى ئىنسانىيەتكە بەخش ئېتىپ، ئىنسانلىق بۇرچىمىزنى ئادا قىلىمىز. سىز ئامان قالغان قەدىرلىك ھاياتىڭىزنى

قوغداپ، مەيۈسلۈك ۋە ئۈمىدسىزلىنىشتىن ساقلىنىپ، غۇ-رۇرىڭىزنى كېسەل ئازابىغا بەرداشلىق بېرىش بىلەن ئۈل-چەڭ!... »

ياسىن ئەمەت ئوبۇل سىدىققا مۇنداق خەت يازدى:

« ... قىممەتلىك ۋاقتىڭىزنى سەرپ قىلىپ، ماڭا خەت يېزىپ هال سورىغانلىقىڭىزدىن چوڭقۇر مىننەتدارمەن. خې-تىڭىزنى ئوقۇغاندىن كېيىن، قەلبىمنى ئۆزۈممۇ ئىپادىلەپ بېرەلمەيدىغان بىر خىل هېسسىيات چىرمىۋالدى، خېتىڭىز ماڭا روهىي جەهەتتىن ئىلهام بەخش ئەتتى. بىراق پۈتۈم-نىڭ قالغان قىسمىدا، كېسەلنىڭ يەنە يىلتىزى قاپتۇ! ساق پۇتۇمدىمۇ ئاغرىق پەيدا بولۇپ قالدى. دېمەك، هاياتلىق مەسىلەم تېخى هەل بولغىنى يوق. لېكىن، هەر قانداق قى-يىنچىلىقلارنى يېڭىشكە مۇستەهكەم ئىرادەم بار.

ئۆيدە قالغان ئۈششاق بالىلىرىم ئەر - خوتۇن ئىككى-مىزدىن ئايرىلىپ، يېپى ئۈزۈلگەن لەگلەكتەك قاڭقىپ يۈ-رۈيدىغاندۇ. سىز سەبداشلىق، قوشنىدارچىلىقنىڭ يۈز-خاتى-رىسىدىن مېنىڭ ئورنۇمدا ئۇلارغا قاراپ قويۇڭ، ئەدەپ-ئەخلاقلىق بولۇش، ياخشى ئوقۇپ تۇرۇش هەققىدە نەسىهەت قىلىڭ، چۈنكى گۆدەك بالىلار تەربىيىسىز قالسا يولدىن چىقىپ كېتىدۇ، ياخشى ئادەم بولۇشقا تەسىر يېتىدۇ، بۇ-سىزدىن كۈتىدىغان ئۈمىدىم... »

ياسىن ئەمەت شىنجاڭ داشۆدە ئوقۇۋاتقان ئوغلىغىمۇ تۆۋەندىكىلەرنى يازدى:

« ... ئوغلۇم، مەن بۇ خېتىم ئارقىلىق ساڭا ئىچاجىيىپ بىر پاجىئەنى — ئائىلىمىزگە كەلگەن بەختسىزلىكنى ئېيزهار قىلىمەن. لېكىن سەن بۇ بەختسىزلىكنىڭ سىرتىدا قېلى-

شىڭ كېرەك...

قەدىرلىك ئوغلۇم، مېنىڭ ھاياتىمنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئۆز پۇتۇم يوتامدىن كېسىۋېتىلدى! لېكىن، يۈرىكىمدىكى ھاياتقا بولغان ئوتتەك قىزغىنلىق مېنى يەنە پارلاق ھايات قاينىمىغا باشلىماقتا.

ئوغلۇم، ئىلگىرى سەن بىر قولى يوق «چولاق» نىڭ بالىسى ئىدىڭ، مانا ئەمدى بىر پۇتىمۇ يوق مېيىپنىڭ بالىسى بولدۇڭ، ئىلگىرى سەن مېنىڭ «چولاق» لىقىم بىلەن كەمسىتىشلەرگە ئۇچرىغىنىڭدا قەلبىڭ چوڭقۇر ئازابلانغان بولغىدى!؟ مەن شۇنىڭغا قاتتىق ئېچىناتتىم. مانا ئەمدىچۇ؟... بىراق، ئېسىڭدە تۇتقىنىڭكى، سەن بىر ئەيىبكار ئىنساننىڭ بالىسى ئەمەس، بەلكى ئىرادىلىك ساپ قەلب ئىگىسىنىڭ ئوغلى. شۇڭا مەن سېنىڭ كەمسىتىشلەر ئالدىدا مەيۈسلەنمەسلىكىڭنى تىلەيمەن. ئوغلۇم، تەقدىرنىڭ بۇ قىسمەتلىرى بىلەن كىم تەڭ بولالىسۇن؟ لېكىن ئازابلانمايمەن. سەن خۇدۇڭنى يوقىتىپ قويماي، تىرىشىپ ياخشى ئۆگەن، غايىلىك، ئۈمىدۋار بول!... »

## يېتىمنىڭ بەختى

1946- يىلى مارالبېشى ناھىيىسىدىكى ئاۋات بازىرىنىڭ قاقشال 1- كەنتىدىكى نامرات دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان ياسىن ئەمەت ئۈچ يېشىدا ئانىسىدىن، ئالتە يېشىدا دادىسىدىن ئايرىلىپ يېتىم بولدى. باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقاندا سول قولى سۇنۇپ كېتىپ، داۋالاش ئۈنۈمى بەرمەي كېسىۋېتىلگەن بولسىمۇ، ئۇ، بىر قولىدا خەت يېزىش ۋە ئائىلە ئىشلىرىنى بىمالال قىلىشنى جاپالىق مەشىق

قىلدى، دەرسلەرنى ئالدىن ئۆزلەشتۈردى، دەرىجە ئاتلاپ سىنىپ كۆچتى. 1959- يىلى 9- ئايدا سىرىقبۇيا ئوتتۇرا مەكتىپىگە قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىنمۇ، دەرستە مەكتەپ بويىچە ئەلا ئوقۇغۇچىلاردىن بولۇپ قالدى. دەرسنى بېرىلىپ ئاڭلاش، زېرىكمەي ئۆگىنىش، مەكتەپتىكى تۈرلۈك پائالىيەتلەرگە ئاكتىپ قاتنىشىش، ھېيت - بايرام، دەم ئېلىش كۈنلىرى دەرس تەكرارلاش، كىتاب ئوقۇش ئۇنىڭغا ئادەت ئىدى. ئۇنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىنى مەكتەپ ياخشى ئورۇنلاشتۇرغانلىقتىن، تەتىل كۈنلىرى مەكتەپنىڭ ئامانلىقىنى قوغدىدى.

ئۇ، باشقىلار بىر تەرىپىگە خەت يېزىپ تاشلىۋەتكەن قەغەزلەرنى يىغىپ، دەپتەر تىكىپ، ئارقا تەرىپىگە تاپشۇرۇق ئىشلىدى. شېئىر يېزىشنى مەشىق قىلدى ۋە ھەر قېتىملىق شېئىر ئوقۇش، سۆز سۆزلەش مۇسابىقىسىدا ئەلا باھالاندى. مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى، سىنىپ باشلىقى بولۇش بىلەن بىللە، ئىلغارلىقىنى قولدىن بەرمەي ئون نەچچە قېتىم مۇكاپاتلاندى.

1962- يىلى يازلىق تەتىلدە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 3- يىللىقىنىڭ پۈتۈن دەرسلىك كىتابلىرىنى ئۆگىنىپ بولۇپ، تولۇقسىز 2- يىللىقتىن تولۇق 1- يىللىققا كۆچتى. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 3- يىللىقىدا ئوقۇۋاتقاندا پارتىيىگە ئەزا بولدى. 1964- يىلى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ كەسپىي ئىجادىيەتچىسى بولۇپ ئىشلىدى. ئۇ مانا شۇلارنىڭ ھەممىسىنى پارتىيىنىڭ بىر بەختسىز مېيىپقا بەرگەن چەكسىز بەختى دەپ قارىدى.

## ھاياتلىق مەشئىلى ئۈچۈن

نۇرغۇن كىشىلەر بەختسىزلىكتىن كېيىنكى بەختتىن ئاسانلا قانائەتلىنىپ قالىدۇ. ئەمما ياسىن ئەمەت ھاياتىنىڭ قەدرىنى قانائەتلىنىشتىن ئەمەس، تىرىشچانلىق ۋە كەمتەرلىكتىن ئىزدىدى. جاپالىق مېھنەت، ھالال ئەمگىكى بىلەن ھاياتلىق مەشئىلىنى نۇرلاندۇرۇشقا تىرىشتى. ئۇ، 1965 - يىلى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتىيە مەكتىپىدە بىر يىل خەنزۇ تىل - يېزىقىنى ئۆگىنىپ بارغاندىن كېيىن، ناھىيىلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىدە تەرجىمان بولۇپ ئىشلىدى ۋە يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ ساغان، مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ ئالاغىر يېزىلىرىدا سوتسىيالىستىك تەلىم - تەربىيە خىزمىتىگە قاتناشتى. كېيىن تەرجىمانلىق قىلىش، ئۇقتىدا تۇرۇپ يېزا ئىگىلىك خىزمىتىنى ئىشلەش بىلەن بولدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا ئەرەپبازلىق قىلمىدى، ئۇرۇش، چېقىش، ھوقۇق تارتىۋېلىشقا قاتناشمىدى. بەلكى بۇ خىل يىركىنىشلىك ئىشنى ئىچ - ئىچىدىن ئەيىبلەپ، قەلەم كۆرىشىنى قۇۋۋەتلىدى. 1973 - يىلدىن كېيىن، ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسىدە تەرجىمان، ئىشخانا مۇدىرى، ناھىيىلىك پارتكوم سىياسىي - قانۇن كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىدى. ئۇ، بۇ جەرياندا ھەر خىل قىيىنچىلىق ۋە ئوڭۇشسىزلىقلارغا دۇچ كەلسىمۇ، جاپاغا چىداپ ئۆگىنىشنى قەتئىي داۋاملاشتۇردى. ئەينى يىللاردا ئۇيغۇر تەرجىمانلار كەم بولغانلىقتىن، ئۇ بىر تەرەپتىن خەنزۇچە ئۆگەنسە، يەنە بىر تەرەپتىن

خىزمەت ئەمەلىيىتىدە ئىشلەيتتى. ئۇ ھەر كۈنى كەچتە خىزمەتتىن قايتىپ بېرىپ، قاراڭغۇ چۈشكىچە ئائىلە ئىشلىرى بىلەن بەند بولسا، چىراغ يېقىلغان ھامان ئۆگىنىشىنى ئۆكسىتىپ قويمىدى ۋە كۈندۈزلىرى ئىش ئورنىدا تەرجىمە قىلىپ بولالمىغان، يېزىپ تۈگىتەلمىگەن ماتېرىياللارنى بىر تەرەپ قىلدى. 470 پارچە كىتاب سېتىۋېلىپ ئوقۇدى، 50 پارچىدىن كۆپرەك خاتىرە يازدى، 140 پارچىغا يېقىن شېئىر، ھېكايە، 300 پارچىدىن ئارتۇق خەۋەر - ماقالە يېزىپ، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى گېزىت - ژۇرنال، رادىئولاردا 90 پارچىسىنى ئېلان قىلدۇرۇپ، يەتتە قېتىم مۇكاپاتلانغاندىن باشقا، 90 نەچچە پارچە ئەدەبىي ئەسەرنى خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلدى. 11 قېتىم خىزمەت ئىلغارى بولۇپ مۇكاپاتلاندى.

باشقىلارغا كۆيۈنۈش، ياردەم بېرىش ياسىن ئەمەتكە ئادەت ئىدى. ئۇ باشقىلارنىڭ ماتېرىيال يازدۇرۇش ۋە تەرجىمە قىلدۇرۇشقا ھاجىتى چۈشسە ئېغىر ئالمايتتى. 1982-يىلى ئەنتىياز كۈنلىرىنىڭ بىر ئاخشىمى قوشنىسى كىمۇغا چىقىپ كېتىپ، كۈتۈلمىگەندە ئۆيىگە ئوت كەتكەندە، ئۆي ئىچىدىكى بەش كىچىك بالىسىنى تامدىن ئارتىلىپ كىرىپ قۇتقۇزۇپ قالغاندىن باشقا، 1968 - يىلىدىن بۇيان ئاۋات بازارلىق ئاتا - ئانىسىدىن يېتىم قالغان بىر ئائىلىدىكى ئۈچ قىزغا 205 يۈەن قىممىتىدىكى تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى، كىيىم - كېچەك يەتكۈزۈپ بېرىپ باشپاناھ بولدى.

## كۆتۈلمىگەن ھادىسە

كۆڭۈللۈك ۋە تەرتىپلىك ئۆتۈۋاتقان تۇرمۇش بە-
زىدە ھاياتنىڭ يوشۇرۇن ئامىللىرى تەرىپىدىن قالايمىقان-
لاشتۇرۇۋېتىلىدۇ. 1985 - يىلى 8 - ئايدا ياسىن ئەمەتتە
ھاياتنىڭ ئەنە شۇنداق يوشۇرۇن ئامىللىرى كۆرۈلۈشكە
باشلىدى، ئۇنىڭ پۇتى ئاغرىيدىغان بولۇپ قالدى. 12 - ئاي-
غا كەلگەندە ئاغرىقنىڭ تەسىرى كۈچەيگەن بولسىمۇ ئىش-
لەۋەردى. 1986 - يىلى 1 - ئاينىڭ 2 - كۈنى قەشقەر ۋى-
لايىتى بويىچە ئېچىلغان سىياسىي - قانۇن خىزمەت يىغىنى-
دىن ئۆيىگە قايتىپ بېرىپ، ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلاشقا
ئاران ئۈلگۈردى. ئۇ، شۇ كېچىنى ئاغرىق ئازابى
بىلەن ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، ئەتىسى ئايالىنىڭ توسقىنىغا
ئۇنىماي، ۋېلىسىپىت بىلەن جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارى-
سىغا بېرىپ، ۋىلايەتتە ئېچىلغان يىغىن روھىنى يەتكۈزدى
ۋە پاش بولمىغان دېلولارنى پاش قىلىشنى قولغا كەلتۈ-
رۈپ، جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغداش خىزمىتىنى ياخشى
ئىشلەش ئۈچۈن بىر قىسىم كادىرلارنى ئاجرىتىپ گۇرۇپپا
قۇردى. ئۆزى مەسئۇللۇقنى ئۈستىگە ئېلىپ، ماتېرىيال ياز-
دى، باشقىلار ئۇنىڭ كېسەل ئازابى تارتىۋاتقانلىقىنى كۆ-
رۈپ، داۋالىنىشقا دەۋەت قىلسا، ئۇ بۇ قېتىمقى ۋەزىپىلەر-
نى ئورۇنلاپ بولغاندىن كېيىن داۋالىنىدىغانلىقىنى ئېيت-
تى. دوختۇر يېزىپ بەرگەن ئېسپىرايكىنى باشقىلارغا كۆر-
سەتمىدى. 1 - ئاينىڭ 7 - كۈنى چۈشلۈك تاماققا ئۆيىگە
بارغاندا، ۋېلىسىپىتتىن چۈشۈپ ماڭالمىدى. ئايالى ئۆيگە
ئەكىرىپ ياتقۇزدى. ياسىن ئەمەت جامائەت خەۋپسىزلىك

ئەدارىسىدىكى يولداشلارغا خىزمەتنى داۋاملاشتۇرۇش تو-
رىسىدا خەت يېزىپ بالىسىدىن ئەۋەتتى ۋە ناھىيىدە ئې-
چىلغان ئۈچ دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنىدا سۆزلىنىدىغان
قانۇن ساۋاتىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا دائىر ماتېرىياللىنى يې-
زىشقا كىرىشتى. 1 - ئاينىڭ 9 - كۈنى چۈشتە ئۇنىڭ كې-
سىلى ئېغىرلاشتى، ئايالى ئۇنىڭ ئالدىدىكى ماتېرىياللار-
نى يىغىشتۇرۇپ، قولىدىن قەلەمنى تارتىۋالدى... ماشىنىغا
ئولتۇرغۇزۇپ، ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ باردى.

## ئۈمىدۋارلىق ۋە مىننەتدارلىق

1986 - يىلى 1 - ئاينىڭ 23 - كۈنى كەچتە بىز ياسىن
ئەمەتنى يەنە دوختۇرخانىغا يوقلاپ كىردۇق. بۇ چاغدا ئۇ-
نىڭ قان تومۇر ياللۇغى كېسەللىكە گىرىپتار بولغانلىقى ئې-
نىقلىنىپ، ئوڭ پۇتى كېسىۋېتىلگىنىگە بىر ھەپتە بولغانى-
دى. بىز ئۇنىڭغا مەيۇسلەنمەسلىك ۋە ئۈمىدۋار بولۇشنى
تەۋسىيە قىلغىنىمىزدا، ئۇ، بىز ئويلىغاندىن نەچچە ھەسسە
ئارتۇق ئۈمىدۋار، تەمكىن ئىكەنلىكىنى نامايەن قىلدى.
— گەرچە مەن بەختسىزلىككە ئۇچرىغان بولساممۇ، —
دېدى ئۇ بىزگە، — مەندە قىلچە ئۈمىدسىزلىنىش يوق، ئا-
دەم تەپەككۇر قىلالايدىغان، ئىجتىمائىي تۇرمۇش كەچۈرە-
لەيدىغان ئالاھىدە مەخلۇق. ئادەم تېنى فىزىئولوگىيە بىلەن
پسىخولوگىيىنىڭ بىرلەشكەن گەۋدىسى بولۇپ، نۇرغۇن كې-
سەللەرنىڭ پەيدا بولۇشى روھىي كەيپىيات بىلەن زىچ مۇ-
ناسىۋەتلىك. كېسەلنى داۋالاپ ساقايتىشتا دوختۇرغا ئوب-
دان ماسلىشىپ، پسىخولوگىيە جەھەتتە ساغلام بولۇشقا توغ-
را كېلىدۇ. مېنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئىدىيەۋى تەييارلىقىم

پۇختا. مەن بۇ خىل كېسەلنىڭ پۇت - قوللىنى تامامەن كېـ
سەلۋەتكەندىن كېيىن ساقىيىشى مۇمكىنلىكىنى ئاڭلىدىم. مۇ-
بادا تەقدىر ماڭا بۇنىڭدىنمۇ زور بەختسىزلىكلەرنى مۇپتىلا
قىلسىمۇ زارلانمايمەن. چۈنكى مەن شۇ چاغدىمۇ بىر ھايات
ئىگىسىگە خاس رولىمنى جارى قىلدۇرالايمەن. مېنىڭ كۆ-
زۈم، ئاغزىم، قۇلىقىم، مېڭەم ساق قالسىلا، بىر بالامنى يې-
نىمغا تارتىپ تەربىيىلەپ، ماتېرىيال يېزىش، تەرجىمە قى-
لىش، ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش قاتارلىق
ئىشلارنى قىلىپ، ھاياتتىن ئىز قالدۇرىمەن!...

ياسىن ئەمەت دوختۇرخانىدا داۋالىنىۋېتىپ، ناھىيە-
نىڭ ھاكىمى تۇرەك نۇرەك ۋە ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ مۇ-
ئاۋىن سېكرېتارى ئىبراھىم باقى قاتارلىق يولداشلارغا مۇ-
نۇلارنى يازدى:

«... مەن پارتىيىگە كىرگىلى ۋەخىزمەتكە قاتناشقىلى 22
يىل بولدى. لېكىن يېتەرلىك خىزمەت ئىشلەپ بېرەلمىدىم.
بۇ قېتىمقى پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش ئارقىلىق يېڭىباشـ
تىن غەيرەتكە كېلىپ، خىزمەتنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەشكە
تىرىشقىنىمدا، بۇ بەختسىزلىككە ئۇچرىدىم. لېكىن ئەمدىلا
40 ياشقا كىرگەچكە، ھايات ئىشقى يۈرىكىمدە يەنىلا لاۋۇل-
داپ يانماقتا...

1 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ مۇئا-
ۋىن سېكرېتارى تىلىۋالدى توختى قاتارلىق مەسئۇل يول-
داشلار مېنى ئالاھىدە يوقلىدى ۋە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ،
ئىچكىرىدىكى دوختۇرخانىلار بىلەن ئالاقىلىشىپ، مېنى ئا-
روپىلاندا ئەۋەتىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ناھىيىدىكى رەھبەر-
لەرمۇ ماڭا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى، ماشىنا ئاجرىتىپ دوخ-

تۇرخانىغا يۆتكىدى، ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم بەردى،
مېنى يوقلاپ ھال سورىدى، دوختۇرخانا مەسئۇللىرى بىلەن
سۆزلىشىپ، مېنى ئەستايىدىل داۋالاشنى تەلەپ قىلدى. مەن
بۇ مېھرى - شەپقەت ۋە چوڭقۇر، سەمىمىي غەمخورلۇقتىن قاتـ
تىق تەسىرلەندىم. مەن پارتىيىدىن، يولداشلاردىن چوڭقۇر
مىننەتدارمەن! ئەگەر ھاياتىم ساقلاپ قېلىنىدىكەن، مەن
ھېچ ئىش قىلالمىسام، ئۆيدە ئولتۇرۇپ، ماتېرىيال يېزىش،
ماتېرىيال تەرجىمە قىلىش قاتارلىق ئىشلارنى قىلىپ، پارـ
تىيە، خەلقنىڭ ماڭا قىلغان سەمىمىي غەمخورلۇقىغا ئەمەلىي
ھەرىكىتىم بىلەن جاۋاب قايتۇرىمەن...»

× ×

1986 - يىلى 1 - ئاينىڭ 31 - كۈنى چۈشتىن كېـ
يىن ياسىن ئەمەت ئايالى بىلەن ماجاڭ ئويناپ ئارقا -
ئارقىدىن يېڭىۋېلىپ ھاياجانلاندى، ئاندىن ئاراممۇ ئالـ
ماي، ئۆزى بىلەن بىر ياتاقتا يېتىپ داۋالىنىۋاتقان بىر
بوۋايغا سالام خەت يېزىپ بەردى ۋە بىر دوختۇرنى چاقىـ
رىپ ئۆزىنىڭ كېسىلى، بۇنىڭدىن كېيىنكى ھاياتى ھەمتۇرـ
مۇشى توغرىسىدا پاراڭلاشتى. كەچتە تۇيۇقسىز قىزىتمىسى
ئۆرلەپ كەتتى. ئايالى دوختۇر چاقىرىپ كىرگەندە، ئۇنىڭ
چىرايىدا بىر خىل ئاچچىق كۈلكە پەيدا بولغانىدى. ئۇ
ئايالىدىكى جىددىيلىكنى كۆرۈپ، ئۇنى ھودۇقۇپ كەتمەسـ
لىككە دەۋەت قىلىۋېتىپ، ئاغزىدىن سۆزلىرى ئۈزۈلۈپ قالـ
دى... بىر دەمدىن كېيىن ياسىن ئەمەتكە ھېسداشلىق قىلـ
غۇچىلارنىڭ قەلبىنى بىئاراملىق ۋە ئىلاجسىزلىق چۇلغىدى.
ئۇنىڭ كىرپىكلىرى جۇپلەشتى!... لېكىن ياسىن ئەمەتنىڭ
ئۈمىدۋار يۈرىكى يەنىلا سوقۇۋاتقاندەك تۇيۇلماقتا ئىدى...

1986 - يىل 2 - ئاي، قەشقەر

# قىممەتلىك چىچەك

پۇل تېپىش بىلەن يۈز - ئابروي ۋە نام ئاتاقنى بەخت دەپ بىلىدىغان ئادەملەرنىڭ گەرچە مەقسەتلىك شەخسىي ئارزۇسى ئىشقا ئاشسىمۇ، جەمئىيەتكە تېگىشلىك تۆھپە قوشالىشى، كىشىلەر قەلبىدە مەڭگۈلۈك ئىز قالدۇرالىشى ناتايىن. بۇنىڭ ئەكسىچە، ھاياتتىن ئىز قالدۇرۇشنى بەخت دەپ بىلىپ، يۈرەك قېنىنى كەلگۈسى ئۈچۈن سەرپ قىلىدىغان ئادەملەر بولسا، شۆھرەت مۇنبەرىدە چاقنايدۇ. بۇ ھەقىقەت — بىز تونۇشتۇرماقچى بولغان ئوسمان قارىغا ماس كېلىدۇ.

1

ھۆرمەتلىك كىتابخانلىرىمىزغا تەقدىم قىلىدىغان سۆز ئۈنچىلىرىنى تۆۋەندىكى دېتاللاردىن مەزمۇن تاپقۇزۇشنى قارار تاپتۇق:

« مۆھتەرەم ئۈتكۈر ئەپەندى، بۇ ئۇزۇندىن - ئۇزاق ئۆمۈر مەنزىللىرىدە نۇرغۇن ئەگرى - توقايلىق، جەۋرى - جاپالارنى بېشىدىن كەچۈرگەن ھۆرمەتلىك دادام ئالەمدىن ئۆتتى. بىزگە ئۇنىڭدىن مەڭگۈ ئىلھام بولۇپ تۇرىدىغان چىدام، غەيرەت ۋە مەرىپەتپەرۋەرلىكتىن ئىبارەت ئالىيجاناب خىسلەت قالدى. مەن جاسارەت بىلەن تولغان چىدام، ئۈمىد بىلەن تولغان غەيرەتتىن ئىلھام ئېلىپ (گەرچە

ئۆزۈم تولۇق ئوقۇيالمىغان بولساممۇ )، ئەجدادلىرىم ۋە ئۆزۈم ئېرىشەلمىگەن ئارزۇلارغا يېتىش ۋە مەنىۋى جەھەتتىن بىلىملىك، ئىرادىلىك، غايىلىك، مەدەنىيەتلىك، ئەخلاقلىق، ۋىجدانلىق ۋە كېرەكلىك ئەۋلادلارنى تەربىيىلەش ئويىدا بولۇپ كېلىۋاتىمەن. بۇ مېنىڭ تامامەن ئارزۇيۇم بولۇپلا قالماستىن، يەنە مۇقەددەس بۇرچۇمدۇر!

سىلە ۋە سىلىگە ئوخشاش خەلقىمىزنىڭ — مىللىتىمىزنىڭ ئالىملىرىغا ئېھتىرام بىلدۈرۈش ۋە سىلەردىن ئۆگىنىش، ئىلھام ئېلىش، سىلەرگە سېغىنىش، سۆيۈنۈش... بىزنىڭ يۈرەك قاتلاملىرىمىزدىن مۇستەھكەم ئورۇن ئالدى. ئاشۇ ئىستەك ۋە تەسىراتلار ئەۋلادلىرىمىزغىمۇ مۇئەييەن تەسىر كۆرسىتىدۇ، ئەلۋەتتە!

بۇ قېتىمقى قەشقەردە ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك تۇنجى قېتىملىق «قۇتادغۇ بىلىك» ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدىن بىزنىڭ دوستلىرىمىز، شۇنداقلا ئەۋلادلىرىمىز ئۇنتۇلغۇسىز بۈيۈك پىكىرلەرگە ئېرىشتۇق.

مەن ئەۋلادلىرىمنى تەربىيىلەشكە، ئۇلارنىڭ كەلگۈسىدە ھەقىقىي تۈردە خەلق ۋە مىللەتنىڭ مەنپەئەتىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدىغان ئىز باسقۇچلاردىن بولۇشقا تولىمۇ ئەھمىيەت بېرىمەن. سىلىنىڭ بۇ قېتىمقى قەشقەرگە كېلىشلىرىنىڭ ئىزناسى سۈپىتىدە ئەۋلادلىرىمىزغا مەڭگۈلۈك بىر خاتىرە يېزىپ قالدۇرۇپ، ئىلھام بېرىشلىرىنى ئارزۇ قىلىمەن!

بىزنىڭ ئارزۇلىرىمىز مەڭگۈ ‹توزىماس چېچەك› تەك ئۈمىد بىلەن يۇغۇرۇلغان!

ئېھتىرام بىلەن: ئوسمان قارى

1986 - يىل 9 - ئاينىڭ 9 - كۈنى»

«قەدىرلىك ئوسمان قارى، كۆزگە چېلىقمايدىغان غىلۋەت جىلغىلار ياكى جۇغراپىيىلىك نامىلىرى نامەلۇم سازلىقلاردىن ئۆتۈن ـ تۈنسىز ئېقىپ چىقىپ، ئېقىن ۋە ئېرىماقلارنى ھاسىل قىلىدىغان سان ـ ساناقسىز بۇلاقلار بولمىسا، ئەزىم دەريالار شارقىراپ ئاقماس ئىدى، ئەزىم دەريالار ۋە ئېرىماقلار بولمىسا، بۈيۈك ۋە داڭدار دېڭىز ـ ئوكيانلارنىڭ ئەزىمەتى قەيەردىن كېلەتتى؟

مەھمۇت قەشقىرى بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپتىن تارتىپ، زامانىمىزدىكى مىللىي ئەدەبىيات تىمىز ناماياندىلىرىنىڭ ۋە پۇشكىن، تولستوي، بالزاك، فىلوبېردىن تارتىپ، لۇشۈن ۋە چىڭغىز ئايتماتوۋدەك جاھان مەشھۇرلىرىنىڭ ئەسەرلىرى، شۈنىڭدەك ئىلىم ـ پەننىڭ يەنە باشقا نۇرغۇن ساھەلىرىدىكى دۇردانىلىرى بىلەن كۈنسايىن بېيىۋاتقان كۇتۇپخانىلىرى ئارقىلىق ئەۋلادقا يەتكۈزۈۋاتقان قىممەتلىك خىزمەتلىرى قاچان بولسۇن بىر كۈنى مىللىي مەدەنىيەت تارىخىمىزنىڭ ئالتۇن سەھىپىلىرىگە يېزىلغۇسى!

مىللىي ماارىپ ۋە ئاقارتىش يولىدا تاشلانغان ھەر بىر قەدەم ۋە بۇ يولدا تۆككەن ھەر تامچە تەرنىڭ خاسىيىتىدىن تېخىمۇ خۇشپۇراق گۈللەرنىڭ پورەكلەپ ئېچىلىشىنى تىلەيمەن ۋە ئۇنىڭغا ئىشىنىمەن...

ھۆرمەت بىلەن: ئا. ت. ئۆتكۈر

1986 ـ يىل 12 ـ سېنتەبىر، قەشقەر».

## 2

— بالام، ـ دېدى دادىسى بىر كۈنى كەچتە ئەمىدىللا مەكتەپتىن قايتىپ كەلگەن ئوسمان قارىغا، ـ «ئاغرىقنى

يوشۇرساڭ ئۆلۈمى ئاشكارا» دېگەن گەپ بار، سەن ئەمدى ئوقۇمىساڭ قانداق بولار - ھە؟

— دادا، نېمە دېگىنىڭ - بۇ؟! ئوقۇمىسام قانداق بولغىنى ... - دېدى ئوسمان قارى. لېكىن ئۇ، دادىسىنىڭ ئىلاجىسىزلىقتىن مۇشۇنداق دېيىشكە مەجبۇر بولۇۋاتقانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى.

ئۇ ئەمدى مەكتەپكە بارالمىدى. سۆيۈملۈك ئۇستازلىرى، ساۋاقداشلىرى كۆز ئالدىدىن كەتمىدى، نەچچە كېچە - كۈندۈزنى ئۇيقۇسىز، كۆزلىرى ياش يۇقى ئۆتكۈزدى.

بىلىمخۇمار كىشىلەرنىڭ تەسىرى پۈتۈن جەمئىيەتكىلا ئەمەس، ئۆز پەرزەنتلىرىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئوسمان قارىنىڭ ئاتا - ئانىسى مول بىلىمگە ئىگە. مىللىي مائارىپ قوشۇنىنىڭ ئىلغار تەربىيىچىلىرىدىن ئىدى. شۇڭا ئوغلىنىڭ بىلىم مىراسخورى بولۇپ چىقىشىغا كىچىكىدىنلا ئەھمىيەت بەردى. ئوسمان قارى 1956 - يىلى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 4 - يىللىقىدا ئوقۇۋاتقاندا، ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆزىدىكى تەسىرىنى ساۋاقداشلىرى ئارىسىدا نامايەن قىلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭدىكى تارىخ، جۇغراپىيە، ئەدەبىياتقا بولغان قىزىقىش — تالانت ئىگىلىرىدە ئەڭ دەسلەپتە كۆرۈلۈشكە باشلايدىغان ئىقتىدار ئۇستۇنلۈكىنى گەۋدىلەندۈردى. ئۇنىڭ چوڭ دادىسى يۇرت ئىچىدىكى مۆتىۋەر دىنىي ئۆلىمالاردىن بولۇپ، ئوسمان قارىنى ئوغلۇمنىڭ تۇنجى مېۋىسى، دەپ ئەتىۋارلايتتى، ئۇنىڭ چېچەن، سەزگۈر خۇسۇسىيىتىگە ھەددى - ھېسابسىز ئامراق ئىدى. شۇڭا مۇقەددەس ئېتىقادىدىن شەكىللەنگەن ئارزۇسى بويىچە ئۇنى دىنىي مەكتەپتە ئوقۇتۇپ چوڭ موللا

قىلىشنى كۆڭلىگە پۈككەن ۋە ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ ئاخىرىسى-
دىكى «قارى» ئەركىلەتمىسىنى كەلگۈسىدىكى ئىستىقبالى-
ھەم نامىغا تەقلىد قىلغانىدى. لېكىن، ئوسمان قارىنىڭ
ئاتا - ئانىسىنىڭ پەنگە، تەرەققىيات ۋە ئىلىمگە ھۆرمەت
قىلىشتىن ئىبارەت ئىلغار كۆز قارىشى بۇ ئۆلىمانىڭ نې-
يىتىنى ئىشقا ئاشۇرمىغانىدى.

ئوسمان قارى تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ-
لەردە ئوقۇۋاتقاندا ئۆگىنىشتىكى ئىلغارلىقى بىلەنلا ئە-
مەس، تۆرلۈك پائالىيەتلەردىكى ئۈستۈنلۈكى بىلەنمۇ كۆز-
گە چېلىقتى. ئۇ، بۇ جەرياندا، بوش ۋاقىت تاپسىلا دەرس
تەكرارلىدى، تۆرلۈك ئەدەبىي، پەننىي كىتابلارنى بېرىلىپ
ئوقۇدى، كۈندىلىك خاتىرە يازدى، مەكتەپ پىئونېرلار
ئەترىتىنىڭ باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىدى، قىرائەتخا-
نا باشقۇردى، مەكتەپنىڭ قارا تاختاي گېزىتىگە شېئىر-
ماقالىلەرنى يازدى، ئەپسۇسكى، ئۇنىڭ مانا مۇشۇنداق
جۇشقۇن كەيپىيات تەرەققىي قىلىۋاتقان ئوتتەك قىزغىن
ھاياتىغا غەيرىي كېسەل يوپۇشتى.

1960 - يىلى يۈز بەرگەن «سىياسىي شامال» ئۇ-
نىڭ دادىسىنى «ئىنقىلابقا قارشى ئۇنسۇر» قىلىپ تۆرمىگە
تاشلىدى، ئانىسى بولسا، 1958 - يىلىلا ئاتالمىش «ئوڭچى
ئۇنسۇر» قالپىقى كېيىپ مائارىپ سېپىدىن قوغلانغانىدى،
ئۇلارنىڭ تۆرمۇشىنى نامراتلىق ۋە قايغۇ قاپلىدى. لېكىن
ئوسمان قارى كېيىنكى تۆرمۇشىنىڭ قانداق دوقاللغا بېرىپ
توختىشىنى بىلمىسىمۇ، ئوقۇشتىن ئۈمىد ئۈزمىدى. ئۇ مەك-
تەپكە بارسىلا ئائىلىدىكى ھەممە پېشكەللىكلەرنى ۋە دىشۋار-
چىلىقنى ئېسىدىن چىقىراتتى ياكى شۇلارنى ئەسكە ئالسا،

يەراق كەلگۈسىدىكى كۆڭۈلدىكىدەك تۇرمۇش ئاساسى ئۈ-
چۈن بىلىم تەشنالىقىنى قاندۇرۇشقا ۋۇجۇدىنى بېغىشلايتتى،
بىلىم ئۇنى ئاشۇ روھ بىلەن رىغبەتلەندۇرۇپ، ئاجايىپ
كەڭ دېڭىزدا غەۋۋاسلىق قىلدۇراتتى. بىر يىلدىن كېيىن
ئوسمان قارىنىڭ دادىسى تۇرمىدىن چىققان بولسىمۇ، ئىش-
سىز قالدى. ئوسمان قارى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈت-
تۈرۈش ئالدىدا تۇراتتى. لېكىن، جەمئىيەت بىلەن ھايات
بولسا بۇنىڭغا مۇناسىپ بولمىغان ئەركىنلىكنى ئىمگىلەپ
تۇراتتى ھەم بۇ ئائىلىدە ئۆتكەن بىر مەزگىللىك ھايات
بەختكە — بىلىمگە ئىنتىلىش بىلەن ئۆتكەن بولسا، مانا
ئەمدى ھاياتنىڭ تەقەززاسى ئائىلىدىكى ئالتە جاننى قا-
داق قىلىپ ئاچ - زېرىنلىقتىن ساقلاپ قېلىش بىلەن ئۆت-
مەكتە ئىدى، كۈننىڭ بىركۈنمۇ بولسا سېرىقچىلىقنى كۆپ-
رەك كۆرۈشنى تەقەززا قىلاتتى، دۇنيانىڭ تەكشىسىزلىكى،
نامراتلىق، مۇھتاجلىق ھەممىنى بېسىپ چۈشكەچكە، ئوسمان
قارىنى ئاخىرىغىچە ئوقۇتۇش ئارزۇسىدا يېتىشۋاتقان ئاتا-
ئانىمۇ ئامالسىز ھالدا ئۇنى بۇ يولدىن تارتىۋېلىش ئۈ-
چۈن قاتتىق قوللۇق قىلىشقا مەجبۇر بولدى.

ئوسمان قارىنىڭ ئانىسى مەكتەپكە بىر قانچە قېتىم
بېرىپ، ھال - مۇڭ تۆكۈپ، ئۇنى مەكتەپتىن بوشىتىۋېتىش-
نى تەلەپ قىلىپ زارلاندى، شۇنداق قىلىپ، ئوسمان قا-
رىنىڭ ئىقتىدار ئىگىسىگە ئايلىنىش ئارزۇسى بارا - بارا
تۇمانلار ئىچىدە خىرەلەشتى، ئەمدى ئۇنى ئازاب - ئوقۇ-
بەت گۇلخانلىرى پۈچىلاشقا باشلىدى، دادىسى ئۇنى نېمە
ئىشقا سالماقچى بولۇپ قالدىكىن!

## 3

ئوخشاش بولمىغان مۇھەببەت، ئارزۇ ۋە ئىشتىياق ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرنىڭ دولقۇنلىرىدىن ھالقىپ ئۆتـ كەندە تۇرمۇشنىڭ ئېھتىياجىغا قاراپ ئۆزگىرىشكە مەجبۇر بولىدۇ، ئوسمان قارى تۇرمۇشنىڭ ئېغىرچىلىقى ۋە توسالـ غۇسىز داۋالغۇشى تۇپەيلىدىن مەكتەپنى تاشلاپ، 1962- يىـ لى كۆزدە دادىسىغا ئەگىشىپ، قۇرۇلۇشچىلار قاتارىغا قوشۇلۇپ كەتتى. قۇرۇلۇش ئورنىدىكى ھايات پائالىيىتى دەسلەپتە ئوسمان قارىغا زېرىكەرلىك، ئەمگەك تۈگمەن تېشىدىن ئېغىر تۇيۇلغان بولسىمۇ، كېيىنچە ھەممە ئىش ئۇنىڭغا ئادەتتىكىچە بولۇپ قالدى. بۇ چاغلاردا ئۇنىڭ كىتاب ئوقۇش تەقەززاسى بولسىمۇ، لېكىن كۈندۈزى زادى ۋاقىت چىقىرالمايتتى، ئاخشاملىرى بولسا ھارغىنلىق تا- ماقتىن كېيىن ئۇنى بوشاشتۇرۇپ، كىتابنى قولىغا ئېلىشقا ئىمكان بەرمەيتتى. ئەمما، ئۇنىڭدىكى كىتابقا بولغان ئىشـ قى - مۇھەببەت قەلبىدە يوشۇرۇن يېنىپ تۇرغاچقا، بېڭى كىتاب - ژۇرنال چىقسىلا سېتىۋالدى. ئۇ، ئاقكۆڭۈل قۇرۇ- لۇش ئۇستىلىرىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىپ، تامچىلىقنى پۇختا ئۆگەندى، 1970 - يىلى شەھەر ئاھالىلىرىنى تارقاقلاشتۇر- غاندا، ئۇ ئائىلىسى بىلەن ئانا يۇرتى ئاتۇشقا كۆچۈپ كەتتى. ئۇ، بۇ يەردە يېزىنىڭ قوشۇمچە كىرىم جۇغلايدىغان بىر قۇرۇلۇش ئەترىتىدە تاكى 1974 - يىلغىچە كۆچمەن بولۇپ ئىشلىدى. شەھەرگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، قەشـ قەر شەھىرىگە تەۋە چاسا كوچا باشقارما بىناكارلىق قۇرۇ- لۇش شىركىتى 2- ئەترەتكە خىزمەتكە ئورۇنلاشتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ، كەسپىي ماھارىتىنى ئىشقا

سېلىپ بېسىناكارلىق - قۇرۇلۇش سېپىدىكى كەسىپداشلىرىنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. ئوسمان قارى ئىقتىسادىي ئەھۋالىنىڭ ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئىلگىرىكى كىتابخۇمارلىقىنى تېپىۋالدى. يېقىنقى زاماندىكى ئىلىم - پەننىڭ باھارى ئۇنىڭ سولاشقان ئىشتىياق گۈلىنى ياشناتتى. ئۇ، ئەينى يىللاردا ئۆزى يېتەلمىگەن ئارزۇسىنى كەلگۈسى ئەۋلادلارغا ئاتىدى. 1984 - يىلى يېڭىدىن ئۆي - جاي سالغاندا، بىر ئۆينى مەخسۇس كۇتۇبخانا قىلىشقا پىلانلىدى ۋە كۆپلىگەن كىتاب - ژۇرناللارنى بۇ ئۆيگە تىزدى.

4

بىلىم ئىگىلىرى بىلىم سۆيەرلەرگە ئامراق كېلىدۇ ۋە ئۇلارنى قەدىرلەشنى، كەمتەرلىك بىلەن ئۇلاردىن ئۆگىنىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. 1984 - يىلى 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، ئوسمان قارىنىڭ قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئاسراش - باشقۇرۇش ئورنىدىكى بىر دوستى ئۇنى ئالىم ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر بىلەن تونۇشتۇرۇپ قويىدىغانلىقىنى ئېيتىپ قەۋەت شادلاندۇردى. ئالىم شۇ كۈنلەردە ئۈرۈمچىدىن قەشقەرگە خىزمەت بىلەن كەلگەنىدى. ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ۋاقىت چىقىرىپ ئۇنىڭ ئۆيىنى زىيارەت قىلدى. ئالىم ئۇنىڭدىن:

— سىلە نېمە ئىش قىلىلا، — دەپ سورىدى.

— مەن بىر ئاددىي بىناكار، — دەپ جاۋاب بەردى ئوسمان قارى. بۇ چاغدا ئوسمان قارىنىڭ كۇتۇبخانىسى خېلى تەرەققىي قىلىپ قالغانىدى.

— هوي، ياخشى ئىش قىپلا، قەشقەردە سىلىدىن باشقا

مۇشۇنداق شەخسىي كۇتۇبخانا ئاچقان ئادەملەر يەنە
بارمۇ؟ — دەپ سورىدى ئالىم.

— يوق، — دېدى باشقىلار.

— بۇنى تېخىمۇ كېڭەيتىپ جەمئىيەتكە ئاچسىلا، تېخىمۇ كۆپ كىشىلەر پايدىلانسۇن، — دېدى ئالىم ھاياجان بىلەن، — ياخشى نىيەتلىك، ئېسىل پەزىلەتلىك ئادەملەر ئۆزى ئۈچۈن ئەمەس، باشقىلار ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەيدۇ. سىلىنىڭ نىيەتلىرى ۋە مەقسەتلىرى ئۇلۇغ ئىكەن. بۇنداق ئۇلۇغلۇق يەنە نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ قەلبىدە بىخلانسا، جەمئىيەت پەخىرلىنىدۇ، مىللەت كامال تاپىدۇ... ئاشۇنداق كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىنسانلىق قەدرى - قىممىتىنى تاپالىغان بولىدۇ...

— ئادەم ھامان بىر كۈن توپىغا ئارىلىشىپ كېتىدۇ، لېكىن، ھاياتلىقتا ئادەمنىڭ بۇنى بىلمىكى، يورۇق دۇنيادىلا ھوزۇر - ھالاۋىتى، قىممىتى بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلالىشى قىيىن ئىش ئىكەن، — دېدى ئوسمان قارى يۈركىدىكى سۆزلىرىنى بايان قىلىپ، — ئادەم پەقەت ھوزۇر - ھالاۋەت ۋە قىممىتىنى باشقىلارنىڭ قەلبىدە ئېسىل نەرسىلەرنى بىخلاندۇرۇش، خۇشپۇراق چاچقۇزۇش بىلەنلا تاپالايدىكەن. شۇنداق قىلالىسىلا ئادەم مەن ياشىغانغا مەنسۇپ بولدۇم، دېيسە بولىدىكەن. ئادەمنىڭ جىسمى تۇپراققا ئارىلىشىپ كەتسىمۇ، لېكىن ئېسىل پەزىلىتى ۋە قىممىتى ئەبەدىل - ئەبەد ئۆلمەيدىكەن. مېنىڭ قارىشىمچە، ئادەمنىڭ قىممىتى پەقەت مىللەت ئۈچۈن، كەلگۈسى ئەۋلادلار ئۈچۈن، ئىنسانلار ئۈچۈن قانچىلىك نەمۇنە قالدۇرۇشتا كۆرۈلىدۇ...

ئالىم ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېتىپ ئۇزۇن ئۆتمەي ئوسمان قارى ئۇنىڭدىن بىر پارچە خەت تاپشۇرۇپ ئالدى. خەتتە ئوسمان قارىغا تەشەككۈر ئوقۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ كىچىك كۈتۈپخانىسىغا بېغىشلىما تەرىقىسىدە مۇنداق ئىككى رۇبائىيمۇ بىرگە ئەۋەتىلگەنىدى:

« ئاقار دەريا يۈزىدىمۇ قىشتا مۇزلار،
قىزىلگۈلنىڭمۇ بىر كۈن خازانى بار.
ئۇلۇغ غايە بىلەن سۇغىرىلسا دىل،
ئۇنىڭدا تۆت پەسىل ھەمىشە باھار.

* *

بىلىم ئۇ، يۈگەنسىز بىر ئۇچقۇر تۇلپار،
مىنەلىگەن كىشى مۇرادقا يېتەر.
ئۇ شۇنداق ئاجايىپ مۆجىزەدۇركى،
قارا تاش ئۈستىگە تېرىسا ئۈنەر. »

بۇ چوڭقۇر ئۈمىدۋارلىققا، جەڭگىۋارلىققا تولغان مىسرالار ئوسمان قارىنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالمايتتىمۇ؟ ئۇ قانداقمۇ ھاياجانلانمايتۇرالىسۇن! ئەمما ئۇ ئۆزىنىڭ كۈتۈپخانا ئاچقانلىقىدىن ئىبارەت بۇ ئىشنى كىچىككىنە بىر ئىش دەپ قاراپ، پەخىرلىنىشنىڭ ھازىرچە ئارتۇق كېتىدىغانلىقىنى ھېس قىلماي قالمىدى. پەخىرلىنىشنىڭ ئورنىغا تېخىمۇ تەسىرلەندى.

ئالىم ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر 1986- يىلى 8- ئايدا قەشقەردە ئېچىلغان مەملىكەتلىك تۇنجى قېتىملىق « قۇتادغۇ بىلىك » ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا كەلگەنىدە، ئۆزىنىڭ « ئىز » رومانىدىن ئۈچ پارچە، « ئۆمۈر مەنزىللىرى »

ئاملىق شېئىرلار توپلىمىدىن ئۈچ پارچە ئېلىپ بېرىپ،
ئوسمان قارىنى يوقلىدى ۋە خاتىرە يېزىپ تەقدىم قىلدى.
ئالىم ئۇنىڭ كۇتۇپخانىسىغا كىرگەندە،
ئوسمان قارىنىڭ كىتاب ئوقۇۋاتقان ئوغلىنى كۆرۈپ، ئۇنى
دادىسىغا ئوخشاش مەرىپەتپەرۋەر ئىز باسار بولۇشقا دەۋەت
قىلدى. ئۇلار كۇتۇپخانىدا بىرگە سۈرەتكە چۈشۈپ خاتىرە
قالدۇردى.

— ھازىرغىچە باشقىلار ئارىيەت ئېلىپ ئوقۇغان كىتاب
قېتىم-سانىنى تىزىملىماپلا، — دېدى ئالىم مەسلىھەت تەرى-
قىسىدە،- بۇنىڭدىن كېيىن كارتوچكا توختىتىپ، تىزىملاپ
ماڭسىلا، كىتابلارنى تۈرگە ئايرىپ نومۇر سېلىپ قويسىلا...

ئوسمان قارى دەسلەپتە كۇتۇپخانا ئاچقاندا، ئاز بىر
قىسىم دوستلىرىلا بۇ ئىشتىن خەۋەردار بولسىمۇ، قەشقەر-
دىكى كۆپ سانلىق بىلىمخۇمار كىشىلەر، مەتبۇئات
ئورۇنلىرى خەۋەرسىز ئىدى. ئۇنىڭ شەخسىي كۇتۇپخانا ئاچ-
قانلىق داۋرىقى قەشقەرگە قارىغاندا ئۈرۈمچىدە كەڭ تار-
قىلىپ، قىزىقىش قوزغىغانىدى. قەشقەردىن ئۈرۈمچىگە بار-
غان كۆپ سانلىق كىشىلەر ئۆز يېنىدا بۇنداق بىر ياخشى
مۆجىزىنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ، بىلمەي قېلىشقانلىرىدىن
ھەيران بولدى، ھاياجانلاندى. قەشقەرگە قايتىپ كېلىپ،
ئوسمان قارىنى ئىزلەپ تونۇشتى، يار-يۆلەكتە بولدى.
«قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى» رەھبەرلىكى ئۇنىڭغا ئىلھام ۋە
مەدەت بېرىپ، ھەر قېتىم يېڭى كىتاب نەشر قىلغاندا،
ئۇنىڭ كۇتۇپخانىسىغا بىر نۇسخا تەقدىم قىلىشنى ئۈزمەي
داۋاملاشتۇردى... بارا-بارا ئۇنىڭدىن كىتاب ئارىيەت

ئالىدىغانلار شەخسىي ئاھالىلەردىن تارتىپ، مەكتەپلەرگىچە كېڭەيدى. بۇ ئىشلار قۇلىقىمىزغا يەتكەندە، بىزمۇ ئوسمان قارىغا ئىنتىلمەي تۇرالمىدۇق.

## 5

1986- يىلى 10- ئاينىڭ 7- كۈنى چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا ئوسمان قارىنىڭ ئۆيىگە قەدەم بېسىش نېسىپ بولدى. ئۇنىڭ بالىكۇندىكى كۈتۈپخانىسىنى كۆرگەن ھەر قانداق كىشى ھاياجىنىنى باسالماي قالىدىكەن. تامغا ئويما قىلىپ چىقىرىلغان تەكچىلەرگە ۋە شىرە- ئۈستەللەرگە ھەر خىل كىتاب، گېزىت- ژۇرناللار لىق تولدۇرۇلغان، كىچىك ئورۇندۇقلار رەتلىك تىزىلغان. ئالىملار ۋە مەرىپەتپەرۋەر كىشىلەر بىلەن چۈشكەن خاتىرە رەسىملەرنىڭ جازىلىرى كۈتۈپخانىنى كۆركەم بېزەپ تۇرىدىكەن.

ئوسمان قارى 1980- يىلدىن بۇيان ھەر يىلى 300 يۈەندىن كۆپرەك پۇل چىقىم قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدا ئۇيغۇر تىلىدا چىقىرىلىدىغان 40 خىل گېزىت- ژۇرنالغا مۇشتەرى بولغاندىن باشقا، يېڭىدىن نەشر قىلىنغان ھەر خىل كىتابلارنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن سېتىۋالغان. 1990- يىلدىن كېيىن، ئۇ 11 سان گېزىت، 39 خىل ژۇرنالغا مۇشتەرى بولۇپ كەلدى، ھەتتا ئۇنىڭ كۈتۈبخانىسىدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەشھۇر دۇنياۋى كلاسسىك ئەسىرى «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ چەت ئەللەردە ساقلانغان ئۈچ خىل نۇسخىسىغا ئوخشاش قىممەتباھالىق كىتابلارمۇ ئورۇن ئالغان، ئۇ بىر قىسىم كونا كىتابلارنىمۇ يىغقان. ھازىر ئۇنىڭ كۈتۈبخانىسىدا 5000 پارچىدىن ئارتۇق ھەر خىل كىتاب، 2000 پارچىدىن كۆپرەك ژۇرنال ۋە 10 مىڭ ساندىن ئارتۇق ھەر خىل

گېزىت بار ئىكەن. ئۇ، باشقىلار ئارىيەت ئېلىپ يوقىتىپ قويغان كىتابلارنى ئۆزى تولۇقلاپ، ھەر بىر كىتابنىڭ 1 ــ 2 نۇسخىسى بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپتۇ. ئۇ يەنە كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ ئۆز كۇتۇپخانىسىدىن كىتاب ئارىيەت ئېلىش، ئوقۇش ئىمكانىيىتىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، يەكشەنبە كۈنلىرى ئىككى بالىسى بىلەن كوچىغا كىتاب يايمىسى ئېچىپ، كىشىلەرگە خالىس كۆرسەتكەن.

— مېنىڭ قىلغانلىرىم تېخى تايىنلىق بىر ئىش، بۇ يولدىكى ئارزۇيۇمدىن ھېچقانچە ئىشقا ئاشمىدى. كۇتۇپخانا تارلىق قىلىۋاتىدۇ. شۇڭا، كۇتۇپخانىنى كېڭەيتمەكچى بولۇۋاتىمەن، كىتاب جازىسىنى ياساتتىپ، كىتابلارنىڭ سىغىمچانلىقىنى ئاشۇرىمەن، — دېدى ئوسمان قارى بالكونىنىڭ غەرب تەرىپىدىكى بوش قىسمىنى كۆرسىتىپ، — ھازىر مەن يەنە بۇرۇنقىدەك كۈندىلىك خاتىرە يېزىشنى داۋاملاشتۇرۇۋاتىمەن. يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بۇيان ئىلگىرى ئۆزۈم يازغان شېئىرلىرىمنى رەتلەپ توپلام قىلىپ قويدۇم. باشقىلاردىن ئۆگىنىش، سوراش، تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئائىلىمىزدىكى تۆت ئەۋلاد تەزكىرىسىنى يېزىپ بولدۇم. بۇ يىل قىشتا، ئۆتكۈر ئەپەندى دېگەندەك، كۇتۇپخانىنى تېخىمۇ ياخشى تۈزەپ چىقىمەن. راستىنى ئېيتقاندا، بۇ تېخى ئىشنىڭ مۇقەددىمىسى!

ئوسمان قارى يەنە مائارىپنى قوللاشقا ئاكتىپ مۇئامىلە قىلىپ پەرزەنتلىرىنى ياخشى تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بەردى. پەرزەنتلەر تەربىيىسىدىكى ئاچقۇچ — مەكتەپ تەربىيىسى، ئائىلە تەربىيىسى ۋە جەمئىيەت تەربىيىسىنى بىر-

لەشتۈرۈپ، پەرزەنتلىرى ئوقۇۋاتقان مەكتەپلەرنىڭ سىنىپ مۇدىرلىرى بىلەن داۋاملىق ئالاقىلىشىپ پىكىر ئالماشتۇرۇپ تۇردى.

قەشقەر شەھىرىدىكى ئوردا ئىشىكى باشلانغۇچ مەكتەپ پىئونېرلار تەشكىلىگە بىلىيارد، نەقپۇل ۋە بالىلار كىتابچىلىرىنى، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ بىر سىنىپىغا بىر دانە كىتاب جازىسى ياساتتۇرۇپ بېرىپ، 60 تىن ئارتۇق كىتاب ـ ژۇرنالنى تەقدىم قىلدى.

ئۇ، 1990 ـ يىللىق ئاتا ـ ئانىلار سۆھبەت يىغىنىدا قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتىگە ياردەملەشكۈچى مۇنەۋۋەر ئائىلە بولۇپ تەقدىرلەندى.

بىز يېزىۋاتقان شەخس بىلەن بۇ كىچىككىنە كۇتۇپخانا 1987 ـ يىل سېنتەبىردە مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىنىڭ ۋە ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ كۆزدىن كەچۈرۈشىگە ۋە ئىلھام بېرىشىگە نائىل بولدى. ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت باشقارمىسى ۋە شەھەرلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن قوللىشىغا ئېرىشتى، شىنخۇاشې ۋە چەت ئەل مۇخبىرلىرى زىيارەت قىلدى. پارىژدىن پىيادە يولغا چىقىپ بىر يىلدىن ئارتۇق يول يۈرۈپ 17 دۆلەتنى بېسىپ ئۆتۈپ، بېيجىڭغا ماڭغان بىرجۈپ مەشھۇر ساياھەتچى خېنان بىلەن لۇسىيا 1988 ـ يىل 7 ـ ئايدا قەشقەرگە كەلگەندە كۇتۇپخانىنى زىيارەت قىلىپ، ئوسمان قارى بىلەن بىرلىكتە رەسىمگە چۈشۈپ خاتىرە قالدۇردى.

ھۆرمەتلىك ئوسمان قارى سىز ھەقىقەتەنمۇ مەرىپەت بېغىدا مېۋە بېرىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان قىممەتلىك چېچەك بولۇشقا مۇناسىپ ئىكەنسىز، بىز سىزگە تىلەكداش!!

# گۈزەللىك بەخش ئەتكۈچى



1

— ھەي، نۇرمۇھەممەتجان، توختاپ تۇرسىلا!

نۇرمۇھەممەتجان ۋېلىسىپىتتىن چۈشۈپ چاقىرغان

كىشىگە قارىدى. تووۋلىغۇچى ئۇنىڭ بىر تونۇشى ئىدى. ئۇ-
لار بىر - بىرىنىڭ ئالدىغا كەلدى، ئامانلىق سوراشتى.
نۇرمۇھەممەتجاننىڭ تونۇشى ئۆتۈنۈش بىلەن سورىدى:

— بىر گەپنى سورىسام بولارمۇ؟

— سورىسىلا!

— قارىسىلا، مېنىڭ سارجا كىيىم - كېچەكلىرىم خېلى
كۆپ، لېكىن، خوتۇنۇم دەزمال سالالماي بەك ئاۋارە بو-
لىدۇ... ئاۋارە بولسىمۇ مەيلىتى، بىراقزە مۇنداق كىيىمگە
قاملاشتۇرۇپ دەزمال سېلىش ئاسان ئىش ئەمەس ئىكەن.
ئاڭلىسام، ئۆزلىرى مۇنداق كىيىملەرگە دەزمال سېلىشقا
بەك ئۇستا ئىكەنلا، ئۇسۇلىنى دەپ بەرگەن بولسىلا...

— ئۇ ئاسان ئىش، دەپ بەرگەندىن كۆرە ئۆيلىرىگە
بېرىپ بىرەر قېتىم كۆرسىتىپ قويساممۇ بولىدۇ بولمىسا.

— سىلىنى ئاۋارە قىلساق قانداق بولا؟ دەپ بەر-
سىلە، شۇ بويىچە خوتۇنۇم قىلىپ باقسۇن، قاملاشمىسا ئۆز-
لىرىنى ئاپىرارمەن.

نۇرمۇھەممەتجان مېھمان، بۇ كىشىگە سارجا كىيىم -
كېچەكلەرگە قانداق قىلغاندا ھەم ئوڭاي، ھەم سۈپەتلىك
دەزمال سالغىلى بولىدىغانلىقى توغرىسىدا ئەتراپلىق سۆز-
لەپ بەردى. ھېلىقى كىشى بۇنىڭدىن سۆيىنىپ كەتتى...

« راست، - دەپ ئويلىدى نۇرمۇھەممەتجان كېتىۋې-
تىپ ئۆز - ئۆزىگە،- نۇرغۇن ئائىلىلەردە سارجا كىيىم -كې-

چەككە دەزمال سېلىشنى بىلمەيدۇ، بىلگەندىمۇ تازا كۆڭۈل-
دىكىدەك سالالمايدۇ. ھىم، بۇ بىر يىپ ئۇچى، مۇشۇ ھەققتە
بىر پارچە ماقالە يازسام…»

ئەمەلىيەتتىمۇ بۇ يېزىشقا تېگىشلىك مۇھىم مەزمۇن
ئىدى. بىزنىڭ خېلى نۇرغۇن ئۇستىكارلىرىمىز بۇ خىل كىي-
يىم - كېچەكلەرگە قانداق دەزمال سالسا ياخشى بولىدىغان-
لىقىنى بىلىدۇ، ئەمما، ئاشۇ ھۈنىرىنى باشقا كىشىلەرنىڭ
ئۆگىنىۋېلىشىدىن ئېھتىيات قىلىدىغانلارمۇ يوق ئە-
مەس. ئۇ، خېلى كۈنلەرگىچە ئويلىنىپ كۆردى ۋە مۇشۇ
ھەققتىكى ماقالىنى يېزىش ئۈستىدە ئىزدىنىشكە باشلىدى…

نۇرمۇھەممەتجان خۇددى نۇرغۇن كىشىلەرگە ئوخشاش
ئاددىي بىر كەسىپنى ئۆزىگە ھامى قىلغان، شۇنداقلا بۇ
كەسىپنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ، باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان ئىج-
تىھاتى ۋە ئىستىقبالى بىلەن كۆزگە كۆرۈنگەن يىگىت ئى-
دى. شۇ سەۋەبلىك ئۇ، ئاخبارات خادىملىرىنىڭ دىققىتىنى
تارتقان، ھەر قايسى گېزىت - ژۇرنال، رادىئو ئىستانسىلى-
رىدا ئۇنىڭ ئىجادچانلىق روھى تەشۋىق قىلىنغان ۋە ئۇنىڭ
نامى تەرەپ - تەرەپكە تاراپ كەتكەنىدى. بۇ باشقىلاردىمۇ،
نۇرمۇھەممەتجاننىڭ قەلبىدىمۇ داغدۇغا قوزغىغانىدى.

ئۇ، تەشۋىق قىلىنغانىدىن كېيىن، جەمئىيەتتىكى نۇر-

غۇن كىشىلەر ئۇنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرىگە قىزىقتى. ئۇلارنىڭ كۆپلىرى نۇر مۇھەممەتجاننى رىغبەتلەندۇردى، بەزىلىرى ھەتتا ئۇنى تىكۈچىلىك ھەققىدە ماقالە ياكى كىتاب يېزىشقا دەۋەت قىلدى: ئەمما، ئۇ نېمىنى يازىدۇ؟ تىكۈچىلىك دېگەندە، ئۆگەنگۈچىلەرگە سۆزلەپ بېرىشتىن باشقا، يېزىپ خاتىرىلەپ بەرگۈدەك نېمە ئىش بار؟ كېيىن ئۇ مۇشۇ ھەقتە ئويلىنىپ كۆردى، باش قاتۇردى. بەزى كىتابلارنى ئوقۇدى . بەزى مەزمۇنلارنى يېزىپ باققۇسى كەلدى، ئەمما، قايسى مەزمۇندا ، قانداق شەكىلدە يازسا ئېلان قىلىنىدۇ؟... باش قاتۇرۇشىنىڭمۇ چېكى بولمىدىكەن. «كۆزدىن ئايرىلغان خۇدايىم ھاسىسىدىن ئايرىلماپتۇ» دېگەندەك، ئۇ، ماقالە يېزىش غېمىدە يۈرگەن ئاشۇ كۈنلەردە كىشىلەرنىڭ بايىقىدەك سوراشلىرىغا بىر قانچە قېتىم ئۇچراپ قالدى.

— كىلاستۇكنى قانداق چىگسە چىرايلىق چەككىلى بولىدۇ؟ — دەپ سوراشتى بەزىلەر.

— تۈگمىنى قانداق قادىسا ياخشى بولىدۇ؟ كىيىمنى چىرايلىق ماسلاشتۇرۇپ تىككۈزۈشتە رەختنى قانداق تاللىسا بولىدۇ، — دەپ سوراشتى يەنە بەزىلەر.

ئىلگىرى ئۇ كىشىلەرنىڭ مۇنداق سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىپ قويۇپلا بولدى قىلغان. مانا ئەمدى ئۇ، بۇنداق سوئاللارغا ناھايىتىمۇ ئېتىبار بىلەن قارايدىغان بولدى . ئۇنىڭ دەسلەپتە يازغان ماقالىلىرى تازا قولاشمىدى، شۇنداقتىمۇ، ئۇ يېزىشنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى. تۇنجى ماقالىسى «قەشقەر گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغاندا، ئۇ شادلىقتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ كەتتى. يازغان چاغدا ئاددىي تۇيۇلغان

بۇ ماقالە گېزىتتە چىققاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا باشقىچە جانلىق، ناھايىتى مۇھىم ماقالە بولۇپ تۇيۇلدى. «ھە، ئەسلى ئىش مۇنداق ئىكەن ـ دە!» دەپ ئويلىدى ئۇ شۇ چاغدا ئەقىل تاپقاندەك، ئۇ بارا ـ بارا تەجرىبىلىك بولۇپ قالدى، ماقالىنى ئاسانلا قوراشتۇرالايدىغان، باشقىلارغا يارىتالايدىغان سەۋىيىگە يېتىپ قالدى... ئۇنىڭ ماقالىلىرى ھەر قايسى مەتبۇئاتلاردا ئارقا ـ ئارقىدىن ئېلان قىلىندى، ئۇنىڭ قىزغىنلىقىغا قىزغىنلىق قوشۇلۇپ تۇردى. شۇنداق قىلىپ، قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە، ئۇنىڭ ھەر قايسى گېزىت ـ ژورناللاردا «كاستيۇم سېتىۋېلىشتا ۋە تىككۈزۈشتە نېمىگە دىققەت قىلىش كېرەك؟»، «گالستۇك چېگىش ئۇسۇللىرى»، «دەزمال ئىشلىتىشتە بىلىۋېلىشقا تېگىشلىك ئىشلار»، «ئەستەرلىك كىيىم ـ كېچەكلەرنى دەزماللاش»، «قانداق قىلغاندا ئۆز رەڭگىگە ماس ۋە بەدەن ئالاھىدىلىكىگە مۇۋاپىق كىيىم كەيگىلى بولىدۇ؟»، «كاستيۇم كىيىش ۋە ئاسراش ئۇسۇلى»، «كىيىم تىككۈزگەندە رەخت ۋە راسخوتنى ئۆلچەملىك ئىشلىتىش ئۇسۇلى» ، «يوپكا ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى»، «ئايالچە كۆينەك ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى»، «ئايالچە پەلتو ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى»، «قول يىڭنىسى ۋە ئۇنى ئىشلىتىش» قاتارلىق ماقالىلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن كۆرۈلدى. ئۇنىڭ بۇ ماقالىلىرىدا ئون نەچچە يىللىق تەجرىبىسى ۋە ئەمەلىيەتتىن ئۆتكەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ جەۋھىرى سىڭدى، ئۆزى لايىھىلەپ چىققان، جەمئىيەتكە تارالغان 90 نەچچە خىل كىيىم ـ كېچەكنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى ئىلمىي ھالدا شەرھلەندى.

## 2

1983 ـ يىللار نۇرمۇھەممەتجاننىڭ ئىجادىي ھاياتىنىڭ باشلانغۇچ، شۇنداقلا مول پەسلى بولدى، ئۇنىڭ نەزەر دائىرىسى ئۆزلۈكسىز كېڭىيىپ باردى. ئۇ، جەمئىيەت ئۈچۈن تىككۈچىلىك كەسپىدە تېخىمۇ ياخشى، تېخىمۇ ئۇنىۋېرسال خىزمەت قىلالايدىغان بىر نەمۇنە يارىتىش نىيىتىگە كەلدى ۋە بۇ قەدەمنى چوڭ تاشلاپ كىتاب يېزىشقا كىرىشتى. ئارىسالدى قالغان ۋاقىتلىرىنى ئىجادىي ئەمگەك بىلەن ئۆتكۈزدى. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، ئۇ يازغان ئورىگىناللار بىر بەت ـ بىر بەتلەپ كۆپىيىپ قېلىن بىر توپ جانلىق ماتېرىيال بولۇپ قالدى.

ئەقىدە، ئۈمىد ۋە تىرىشچانلىق ھاياتنىڭ بۇلىقى، ئۆمۈرنىڭ شادلىق مىنۇتلىرىغا بەت ئاچقۇچى، ئىلمىي ئادەملەر، ئىلمىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ئۈچۈن تېخىمۇ شۇنداق. نۇرمۇھەممەتجان ماقالە ھەم كىتاب يېزىش جەريانىدا ھاياتنىڭ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئوخشاش بولمىغان تۇسالغۇلىرىغا دۇچ كەلدى. لېكىن، ئۇ، قەيسەرلىك بىلەن توسقۇنلاردىن ھالقىپ ئىشلەشنى داۋاملاشتۇردى. ئەشۇ يىللاردا نۇرمۇھەممەتجاننىڭ كۈنلىرى ناھايىتى ئالدىراش ئۆتتى. كۈندۈزى ئۇ، مەكتەپتە تىككۈچىلىك كەسپىي سىنىپىغا دەرس بېرەتتى، مەكتەپنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى، مەكتەپتە ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيەتلەرنى بىجانىدىل ئادا قىلىش بىلەن مەشغۇل بولاتتى. كەچتە بولسا، ئۆزى ئىشتىن سىرت ئاچقان تىككۈچىلىك كۇرسىغا بېرىپ دەرس ئۆتۈش بىلەن مەشغۇل بولاتتى. ئاشۇ چاغلاردا ئۇنىڭ كەچ كۇرسىغا قەشقەر شەھىرىدىكى نۇرغۇن ئىشسىزلار، تىككۈچ-

لىكنى ئۆگىنىشنى ھەۋەس قىلىدىغان ئىشچى-خىزمەتچىلەر قاتناشقانىدى. مۇشۇ جەرياندا ئۇ، بىر تەرەپتىن باشقىلارغا ئۆگەتتى، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزى ئۆگەندى. ئۇ، يېڭىدىن يېڭى كەسپىي بىلىملەرنى ئۆزلەشتۈردى، تەتقىق، تەدبىق قىلىش ئارقىلىق كونىدىن يېڭىنى، يوق نۇسخىلاردىن ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە نۇسخىلارنى ئىجاد قىلدى. ئۇ ئىش ئېلىپ كىرگۈچىلەرگە:

— قانداق نۇسخىدا كەيمەكچى؟ — دەيتتى.

— قانداق نۇسخىدا كەيسەم بولار، ئۇستام؟ — دەيتتى ئىش ئەكىرگۈچىلەرمۇ كۆپ ھاللاردا.

بۇنداق ئەختىيارلىق ئۇنى روھلاندۇراتتى. ئۇ، بۇنداق چاغدا ئىش ئەكىرگۈچىلەرگە تولىمۇ زېرەكلىك بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى. ئۆزى يېڭىدىن لايىھىلىگەن بىرەر نۇسخىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تونۇشتۇراتتى:

— بۇ يېڭى چىققان نۇسخا، كىشىلەرنىڭ ئۇچىسىدا كۆپ ئەمەس، بىرقەدەر يېڭى نۇسخىنى كېيەي دېسىلە مۇشۇ نۇسخىدا كەيسىلە، — دەيتتى ئۇ تەكىتلەپ.

— ياراشمىسا قانداق بولا؟

— ئۇنىڭدىن غەم قىلمىسىلا، سىلىگە ياراشمايدىغان نۇسخىنى كەيسىلە دېمەيمەن.

بۇ خىل ھالەتلەرنىڭ بىر قانچە قېتىم تەكرارلىنىشى بىلەن، ئۇ لايىھىلىگەن يېڭى بىر نۇسخىغا خېرىدار چىقاتتى. ھازىرقى زامان كىشىلىرى، ياشلىرى يېڭىغا ئىنتىلگۈچى، ئۇنى قوبۇل قىلىپ تېزدىن ئومۇملاشتۇرغۇچى خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغاچقا، نۇرمۇھەممەتجاننىڭ ھەر قانداق بىر يېڭى نۇسخىسى پات پۇرسەتتىلا جەمئىيەتتە ئومۇملاشقان پاسونغا

ئايلىناتتى. لېكىن، ئۇ، ئەشۇ بىر خىل نۇسخىنى ھەمىشە تەتقىق قىلىشنى، ئۇزلۇكسىز ئۆزگەرتىشنى تـوختىتىپ قوي- مايتتى، تولۇقلايتتى، يېڭىلايتتى.

## 3

— ئادەم ھاياتلىقتا تۇرلۇك - تۇمەن ئىشلارنى قى- لىشى كېرەك ئىكەن. قىلمايمەن دېسىمۇ يولۇقىدىكەن، ئا- دەم قىلغان ئەشۇ ئىشلارنىڭ كۆپى يىللارنىڭ تاپىنى ئاس- تىدا قالىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى ئۇنتۇلىدىكەنمىز. لې- كىن، گاھى ئىشلار ھەر قانچە قىلسا قىمۇكۆمۇلۇپ قالمايدى- كەن. مەن ھەمىشە ئۇنتۇلماس ئىشلارنى قىلسام دەيمەن. يەنىلا جاپانىڭ تېگى راھەت ئىكەن، جەمئىيەتتە بىرەر كەسىپنى ۋايىغا يەتكۇزۇپ ئۆگەنمەك، پىشماق، ۋايىغا يەتكۇزۇپ قىلماق ئاسان ئىش ئەمەس. ئەمما، قارشىلىق بولمىسا ئادەم بەرداشسىز بولۇپ قالىدۇ، تەرەققىي قىلال- مايدۇ. مەن نېمىلا بولسۇن، بۇ كەسىپنى شۇنچىلىك قىلا- لايدىغان ئۇستا بولۇپ قالدىم دەپ ئولتۇرسام بولامدۇ؟

ئۇ، كۇرسقا دەرس ئۆتكەن ياكى شۇ بىر كەسىپ توغرىسىدا گەپ بولۇپ قالغان چاغلاردا باشقىلارغا مۇشۇن- داق تەشەببۇسلارنى قىلىپ، ئۆز ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ئۇ- لارنى رىغبەتلەندۇرەتتى. ئاشۇ خىل روھىي غالىبلىق ئۇ- نىڭ بەزى ئەمەلىي ئىشلارنى قىلىشىغا تۇرتكە بولغانىدى.

ئۇ، 1965 - يىلى 11 - ئاينىڭ 12 - كۇنى، يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچقانىدى، ئۇ چاغدا ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى ئۇچۇن خۇشاللىق ئۇستىگە خۇشاللىق بەرىكەتلىرى ياغقان- دەك بىر ئىش بولغانىدى. ئۇلار قاتتىق سۆيۈندى، بەختى-

ئىقبالى ئوچۇق، پېشانىسى ئوڭ، يولى نۇرلۇق بولسۇن دەپ دۇئا - تىلاۋەت قىلدى.

كۈنلەر، ئايلار، يىللار ئۆتتى. ھايات قانۇنىيىتىگە ئەگىشىپ، نۇرمۇھەممەتجان زەرەپشان دەرياسىنىڭ ئالتۇن چايقاپ ئاقىدىغان زىلال سۈيىنى ئىچىپ ئابدۇرىشىتخان، ئامانىساخان، يۈسۈپ قادىرخانلارغا ئوخشاش بۈيۈك سەلتەنەت ئىگىلىرىنى ياراتقان مۇنبەت يەكەن تۇپرىقىنىڭ نازۇ - نېمەتلىرىنى يەپ، ئىدراك ۋە پاراسەت مەۋجىدە چوڭ بولدى. ئۇنىڭ كۆدەك، سادda چاغلىرى، شوخ، ئەركىن دەقىقىلىرى ئاشۇ ئالتۇن دىياردا ئۆتتى...ئۇ ئوقۇش يېشىغا يەتكەندە باشلانغۇچ مەكتەپكە ئاپىرىپ بېرىلدى. ئوقۇش - ئوقۇتۇشنىڭ ئىزچىل بولماسلىقىدەك ئەھۋالدا، ئاتا - ئانىسى ئۇنى قوشۇمچە تىككۈچىلىك كەسپىنى ئۆگىنىشكە ھامى قىلدى. ئۇ، ھەم ئوقۇدى، ھەم پۇرسەت بولسىلا تىككۈچىلىك دۇكىنىغا بېرىپ، ئۇستىسىدىن تىككۈچىلىك كەسپىنى ئۆگەندى. ئۇ، زېرەك، قولى ئەپچىل بولغاچقا، تىككۈچىلىك كەسپىنىڭ قائىدە - قانۇنىيەتلىرىنى ھەمساتتىلا ئۆزلەشتۈرۈۋالدى...ئۇنى - بۇنى تىكىپ، كىشىلەر ئاغزىدا «كىچىك ئۇستام» دەپ تەرىپلەندى.

1981 - يىلى نۇرمۇھەممەتجان مېھمانىنىڭ ھاياتىدا يېڭى بىر سەھىپە ئېچىلدى. ئۇ، دۆلەت بىر تۇتاش ئالغان ئىمتىھانىدىن ئۆتۈپ، قەشقەر تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپىگە ئوقۇشقا كەلدى. ئۇ، بۇ يەردە ئۈچ يىللىق جاپالىق ئوقۇش ھاياتىنى باشلىدى، ئۇ، تىرىشچانلىقى، ئالغا ئىنتىلىش روھى بىلەن ئۆز سىنىپىدا، ئوقۇۋاتقان ياغاچچىلىق كەسپىدە ھەممىنىڭ ئالدى بولۇپ ئوقۇدى. ئۇ، ئاشۇ

يىللاردا تىكۇچىلىك كەسپىنى ئانچە ـ مۇنچە ئىشقا سالدى ۋە ئۇنىڭ، بۇنىڭ كىيىم ـ كېچەكىنى تىكىپ بېرىپ كۆزگە كۆرۈندى، ماختاش ۋە ئالقىشقا ئېرىشتى...

ئاشۇ يىللاردا، قەشقەر تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى تىكۇچىلىك كەسپى سىنىپى ئاچماقچى بولغانىدى، لېكىن، ئوقۇتقۇچى يوق ئىدى. نۇر مۇھەممەتجان مەكتەپنى پۈت-تۈرگەندىن كېيىن، مەكتەپ رەھبەرلىكى ئۇنى ئاشۇ كەسپ-نىڭ ئوقۇتقۇچىلىقى ئۈچۈن ئېلىپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇنىڭ بىلىم ئېلىش يولى، ئىستىقبال يولى يەنە بىر قېتىم ئېچىلغانىدى. 1984 ـ يىل ئۇنىڭ تۇن-جى ئۆتكەن دەرسلىرىگە شاھىت بولۇپ قالدى. ئۇ، بېرىلىپ ئىشلىدى، شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، قەشقەر شەھىرىدە تۇن-جى بولۇپ، تىكۇچىلىك كەچلىك كۇرسى ئاچتى، ئۇنىڭ بۇ ئىشى جەمئىيەتتە قاتتىق ئىنكاس پەيدا قىلدى. ھەش-پەش دېگۈچە ئۇ، تۆت قارار كۇرس ئېچىپ، 400 دىن ئارتۇق ئا-دەمنى تەربىيىلىدى... كېيىن قەشقەر شەھەرلىك مىللىي كىيىم ـ كېچەك زاۋۇتىغا تەكلىپ بىلەن بېرىپ ئىشلىدى، بۇ يەردە ئۇ ھۈنىرىنىڭ كاراممىتىدىن شۆھرەت مۇنبىرىگە سازاۋەر بولدى، ئارىدىن بىر يىل ئۆتتى. ئۇ يەنە مەك-تەپكە قايتىپ باردى. ئۇ، 1986 ـ يىلىدىن 1990 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا ئىلگىرى ـ ئاخىرى ئاپتونوم رايونلۇق كىيىم ـ كېچەك لايىھەلەش، تەتقىق قىلىش ئورنى ۋە رەس-ساملار ئاكادېمىيىسى، قەشقەر مائارىپ ئىنستىتۇتى قاتار-لىق بىلىم ئوچاقلىرىدا ئۆز خىراجىتى بىلەن ئۆگىنىش ۋە كۇرسلارغا قاتنىشىپ بىلىم تولۇقلىدى، ئىجتىھات ۋە ئىجاد تۇلپارىنى چاپتۇرۇپ، ئۆز كەسپىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا

بۆسۈپ كىردى. بۇ جەرياندا ئۇ، مەكتەپ قوبۇل قىلغان ئەككى قارار تىككۈچىلىك سىنىپىغا ھەم سىنىپ مۇدىرى، ھەم دەرس ئۆتكۈچى بولدى، دەرس ئۆتۈشتە نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى زىچ ماسلاشتۇردى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۇستىكار بولۇپ، يېتىشىپ چىقىش نىسبىتى 95 پىرسەنتكە يەتكۈزۈپ، مەكتەپ ئىچىدە تارىخىي خاراكتېرلىك ئوقۇش پۈتتۈرۈش نەتىجىسىنى ياراتتى.

## 4

1991 - يىلى 5 - ئاينىڭ 9 - كۈنى كۆزلىرىم «قەشقەر گېزىتى» نىڭ 1 - بەت يۈزىدە يورۇغىلىدى. «نۇرمۇھەممەتجان مېھمانىنىڭ ياردىمى دېھقانلارنى خوش قىلدى» دېگەن ماۋزۇ ۋە ئاشۇ ماۋزۇ ئاستىغا بېرىلگەن خەۋەرگە كىرىشتۈرۈلگەن سۈرەتكە كۆزۈم چۈشتى. ھەن خەۋەرنى ئالدىراش ئوقۇشقا كىرىشتىم:



«بۇ يىل 1- ئايدا كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئوغۇساق يېزا 6- كەنتىگە يېزا سوتسىيالىزم تەربىيىسى خىزمىتىگە چۈشكەن. نۇرمۇھەممەتجان مېھمان يېزا ھەسئۇلىرى ۋە سوتسىيالىزم تەربىيىسى خىزمەت گورۇپپىسىدىكىلەرنىڭ قولىشى ئارقىسىدا

كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىدە كۇرس ئېچىپ، ئوغۇساق، سايـ
باغ، پاختەكلە قاتارلىق يېزىلاردىكى 70 تىن ئارتۇق دېھـ
قان ياشنى 1- ئاينىڭ 5- كۈنىدىن 4- ئاينىڭ 15- كۈنىگىـ
چە كىيىم كېسىش، تىكىش بىلىملىرى بىلەن تەربىيىلىدى.
كۇرسقا قاتناشقان ياشلاردىن 50 نەپىرى مۇستەقىل ھالـدا
كىيىم پىچالايدىغان ۋە كېسەلەيدىغان، 20 نەپىرى كىيىم
تىكەلەيدىغان سەۋىيىگە يەتتى. ئۇلاردىن ئېلىشقا تىگىشـ
لىك 4800 يۈەنلىك ئوقۇش راسخوتىنى ئالمىدى. بۇنىڭدىن
باشقا ئۇ يەنە بۇ يىل 1- ئايدىن 5- ئايغىچە نامراتلارغا
توققۇز قور كىيىم - كېچەك ياردەم قىلدى، ئون قۇرغا يېـ
قىن كىيىم - كېچەكنى ھەقسىز تىكىپ بەردى. »

ئۇنىڭ بۇ ئىشلىرىدىن سۆيۈندۈم. مەنمۇ بىر قانچە
قېتىم ئۇنىڭ ئىشىك ئالدىغا كەلگەن نامراتلارغا، تىلەمـ
چىلەرگە كىيىم - كېچەك، ئاياغ، پۇل قاتارلىقلارنى بەرـ
گەنلىكىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەنىدىم. شۇنداق، ئۇ، يېـ
قىنقى يەتتە - سەككىز يىلدىن بۇيان 20 نەچچە قارارتىكۇـ
چىلىك، كېسىمچىلىك كۇرسى ئاچتى، 1500 دىن ئارتۇق ئاـ
دەمنى تەربىيىلىدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى تۇرمۇش قىيىنچىـ
لىقى بار، نامرات، يېتىم - يېسىر، مېيىپلاردىن ئوقۇش،
ئۆگىنىش، تۇرلۇك ماتېرىيال ھەققى قاتارلىقلارنى ئالمىـ
دى. بۇ كۆرۈنۈشكە ئاددىي تۇرسىمۇ، كىچىك ئىش ئەمەس
ئىدى.

5

مەن تېلېۋىزور كۆرۈۋاتىمەن، كۆرۈنۈشلەر ئارقا -
ئارقىدىن ئۆتتى... مانا، فىلىم ئارىلىقىدا ئېلان - سەنئەت
خومۇزلىرى كۆرۈنۈشكە باشلىدى. بىردىنلا ئېكرانىدا نۇرمۇـ

ھەممەتجان مېھماننىڭ دوسكىغا سىزىلغان چېرتيوژلارنى چۈشەندۈرۈۋاتقان كۆرۈنۈشى نامايان بولدى. مەن دىققىتىمنى مەركەزلەشتۈردۈم. دېكتور «بۇلبۇلدەك سايراشقا» باشلىدى:

«زامانىۋى كىيىم - كېچەكلەرنى كىيىپ - تىكىشنى خالامسىز؟ تىككەن كىيىملەر ئارقىلىق ئۆزىڭىزگە ۋە باشقىلارغا گۈزەللىك بەخش ئېتىشنى خالامسىز؟ مۆھتىرەم ئىشتىراكچى، كۇرسىمىزغا مەرھەمەت قىلىسىڭىز، سىز بۇنداق ئارزۇ - ھەۋەسلىرىڭىزنى تولۇق قاندۇرالايسىز. بۇ كۇرسقا تەجرىبىسى مول، بىلىمى چوڭقۇر بولغان، 1990- يىلى «قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى» تەرىپىدىن «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر كىيىم - كېچەكلىرى» ناملىق كىتابى نەشر قىلىنغان نۇرمۇھەممەتجان مېھمان كېسىمچىلىك، تىكىۋچىلىكتىن ئەمەلىيەت بىلەن نەزەرىيىنى بىرلەشتۈرگەن ھالدا دەرس ئۆتىدۇ. ۋاقتى ئىككى ئاي، ھەر كۈنى كەچ سائەت بەش يېرىمدىن يەتتە يېرىمغىچە بولىدۇ. ئوقۇتۇش، سايمان راسخوتى ئۈچۈن ئېيىغا 20 يۈەن ئېلىنىدۇ. ئائىلىسىدە قىيىنچىلىقى بار، نامرات، مېيىپلاردىن راسخوت ئېلىنمايدۇ. ئورنى 8- باشلانغۇچ مەكتەپ.»

— ئۇ، يەنە كۇرس ئاچىدىكەن - دە! - دەپ ئويلىدىم مەن دا ياجان ئىچىدىن.

1991- يىلى 6- ئىيۇن، قەشقەر.

# يولدىكى شارپا

ۋېلسىپىتنىڭ ئارقىسىدا دۈگدىيىپ ئولتۇرغان مېلىكىزات بوينىدىكى يېڭى شارپىنىڭ چۈشۈپ قالغانلىقىنى سېزىپ جىددىيلەشتى:

— دادا، شارپام يوق تۇرىدۇ...

— ھە، شارپاڭ چۈشۈپ قاپتىمۇ، نەدە چۈشۈپ قالغاندۇ ؟

— تاڭ...

مېلىكىزات ئۆيگە كەلگەندىن كېيىن، ئانىسى ئەكىلىپ بەرگەن لەغمەنگە قاراپمۇ قويمىدى.

— خاپىغۇ سەن، جېنىم قىزىم، نېمىشقا ئېشىڭنى يېمەيسەن؟ يېگىنە!- دېدى ئانىسى.

— شارپام چۈشۈپ قاپتۇ، شۇ، - دېدى مېلىكىزات چوڭقۇر مەيۈسلۈك بىلەن.

ئۇ، «پاكىمدا» يىغلىۋەتتى.

— داداڭ ئازار بېرەمدۇ - دەمسالا، ناھايىتى 11 يۈەنلىك شارپىغۇ؟ تاپا قىلمىسا، يوقالغان نەرسە ئىزدىغا كېلەمتىكى؟!- دېدى ئانىسى رەنجىگەن ھالدا. ئانىسىدىن بۇ گەپنى ئاڭلىغان مېلىكىزات دېدى:

— ئانا، دادام مېنى ھېچنېمە دېمىدى، دادام بىچارە ئۆتكەندە ئىدارىسىدىن پۇل ئالغاندا ماڭا ئېلىپ بەرگەن

شارپىنى ئۇ، شۇڭا كۆڭلۈم يېرىم بولۇپ يىغلىدىم...

مېلىكىزاتنىڭ بۇ چۈچۈك گەپلىرى ھەممەيلەننىڭ دە ل- بىنى سۆيۈندۈردى.

مېلىكىزات ئەتىسى ( 1987- يىلى 12- ئاينىڭ 25- كۈنى ) رەڭگى ئۆڭگەن بىر كونا شارپىنى بوينىغا ئوراپ مە- يۈس ھالدا مەكتەپكە باردى، دەرسكە داڭ ئۇرۇلدى، با- لىلار ئۆز سىنىپلىرىغا كىردى. شۇ ئەسنادا مېلىكىزاتنىڭ ساۋاقدىشى نۇربىيە سومكىسىدىن چىرايلىق قاتلانغان بىر دانە شارپىنى ئالدى - دە، مېلىكىزاتقا تەڭلىدى:

— مېلىكىزات، مە بۇ شارپاڭنى، ئاخشام داداڭ سېنى ۋېلىسىپىت بىلەن ئەپكېتىۋاتقاندا، بوينۇڭدىن چۈشۈپ قاپ- تى، سەن ئۇقمىدىڭ، مەن سېنى توۋلىسام ئاڭلىماي كەت- تىڭ، بۈگۈن ئالغاچ كەلدىم.

مېلىكىزاتنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى. يۇمران لەۋ- لىرى ئىختىيارسىز تىترەپ كەتتى، ئۇ نېمە قىلارىنى بىل- مىگەندەك تىكىلىپ تۇرۇپ قالدى، سىنىپتىكى 38 جۈپ كۆز نۇربىيەگە تىكىلدى.

× ×

تۈنۈگۈن كەچتە، نۇربىيە مەكتەپتىن قايتىپ، خۇشخۇي ھالدا ئۆيىگە كىردى - دە، سومكىسىنى قوزۇققا ئىلدى، ئۇ- نىڭغا تاماق ئېلىپ كەلگەن ئانىسى ئۇنىڭ سومكىسىدىكى بىر بۇرجىكى چىقىپ قالغان مايسىرەڭ شارپىنى كۆرۈپ قو- لىغا ئالدى - دە، ئەندىككەندەك سورىدى:

— كىمنىڭ شارپىسى بۇ، قىزىم؟

— مېلىكىزاتنىڭ.

— نېمىشقا قايتۇرۇپ كەلدىڭ؟

— قايتۇرۇپ كەلمىدىم، چوڭ يولدىن تېپىۋالدىم.

— مېلىكىزاتنىڭ ئىكەنلىكىنى قانداق بىلدىڭ؟

— مېلىكىزات دادىسىنىڭ ۋېلىسىپىتىغا مىنىپ كېتىۋاتقاندا چۈشۈپ قالدى.

— ئەمىسە، ئۇلار شارپىنىڭ چۈشۈپ قالغانلىقىنى، سېنىڭ تېپىۋالغانلىقىڭنى ئۇقمايدىكەن، شارپىمۇ خېلى ئوبدان ئىكەن، ئاناڭ سالسا بولغىدەك، ئاناڭغا بىر دۈەت قىزىم، - دېدى نۇر بىبەنىڭ دادىسى.

— ياق، بەرمەيمەن، بۇ دېگەن مېلىكىزاتنىڭ، - دېدى نۇر بىبە دومسايغان هالدا.

— ئۇ، ئۇقمىغاندىكىن، ئاناڭغا بەرسەڭ بولمامدۇ؟

— مۇئەللىم بىزگە: يىپ - يىڭنە تېپىۋالساڭلار مۇ ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىڭلار، - دېگەن.

— بۇ دېگەن يىپ - يىڭنە بولمىغاندىكىن، ئاناڭغا بېرىشكە چىدىمىساڭ ئۆزۈڭ سال ئەمىسە؟

— ياق، ئەتە مەكتەپكە ئاپىرىپ، شارپىنى مېلىكىزاتقا بېرىمەن!

مۇهەممەت ئىمىن يەتتە ياشلىق قىزىدىن سۆيۈنۈپ، باغرىغا مەهكەم باستى ۋە «سىنىقىمدىن ئۆتتۈڭ، قىزىم!» دېگەندەك، پېشانىسىگە سۆيۈپ قويدى.

× ×

هۆرمەتلىك مۇشتەرى، ماياجان بىلەن قەلەم تەۋرىتىۋاتقان كىشى مەن — مەن مېلىكىزاتنىڭ دادىسى بولىمەن. شۇڭا، مەن قىزىمغا ۋاكالىتەن قەلب كۆيۈمنى ئىزهار قىلىشقا هەقلىقمەن:

«مارالبېشى ناھىيە بازار باشلانغۇچ مەكتەپ 1- يىل-
لىق سىنىپىنىڭ تەربىيەچىسى زەينەڭگۈل، مېھرىگۈل خانىم، بۇ
خېتىم ئارقىلىق سىلەرگە ۋە سىلەر يېتىشتۈرگەن ئاق كۆڭۈل
ساۋاقداش نۇربىيەگە چىن قەلبىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن،
سوتسىيالىستىك جەمئىيىتىمىز نۇربىيەدەك مىڭلىغان ئاق كۆ-
ڭۈل ئەۋلادلارغا مۇھتاج، گەرچە، نۇربىيەنىڭ تېپىۋالغان
شارپىنى تاپشۇرۇپ بېرىشى ئادەتتىكى ئىشتەك قىلسىمۇ، ئۇ
يەنىلا شەرەپلىك ئىش. ئۇنىڭ پەزىلىتى تېخىمۇ شەرەپلىك
ۋە قىممەتلىك. شۇڭا، ئۇنىڭ بۇ ئىشىنى تۆھپىسى قاتارىغا
يېزىپ قويۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن، بۇ مېنىڭ ۋە قىزىم-
نىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئاددىي تەشەككۈرى!»

1987- يىل، نويابىر، مارالبېشى



# ئۇ ئىشنى مانا شۇنداق باشلىدى

— مەيداننىڭ يېڭى باشلىقى كەپتۇ دەكمىش!

— قانداقراق ئادەمكەن؟

— بۇ يەرگە يېڭىلى كېلىدىغاندىن باشقا قانداق ئادەم كېلەتتى!

— ئالدىراپ بىر نەرسە دېگىلى بولماس؟

— «ۋېلى — ئالدىدا كەپتۇگېلى»، بۇ ئادەم كەلمەستىلا ئاغزىنى ياغلاپ بولغانلارمۇ بارمىش.

— ئانداق بولسا يېڭى كەلگەن مەيدان باشلىقىمۇ خىزمەتنى ئىشلەپ بوپتۇ-دە!

مانا بۇلار — نەسىللىك چارۋا يېتىشتۈرۈش مەيدان باشلىقى كېلىپ بىر دەمدىلا غۇلغۇلا مەزمۇنغا ئايلىنىپ كەتكەن گەپلەر ئىدى. ئەمما، بۇ مەيداننىڭ يېڭىدىن بولغان بۇ باشلىقى توغرىسىدا ھېچكىم توغرا يەكۈن چىقىرىپ بېرەلمەيتتى.

ئۇ، 33 ياشلاردىكى ئىگىز بوي، بۇغداي ئۆڭلۈك ئادەم بولۇپ، دەرۋازا ئالدىدا ماشىنىدىن چۈشكەندە ئالدىغا چىققۇچىلار بىلەن ئادەتتىكىچە سالاملاشتى. لېكىن ئۇ، ئۇلارنىڭ زومۇ-زو خۇشامەت قىلىپ كۈلۈشلىرىگىمۇ، پايىپېتەك بولۇپ كۆچۈكلىنىپ كېتىشلىرىگىمۇ ۋە مەنسەتمەسلىك بىلەن قاراشلىرىغىمۇ، شور دەستىدىن قاغجىراپ كەت-

كەن قورۇ ئىچىگىمۇ ئۇنچىۋىلا زەڭ قويۇپ كەتمەيدى. سەل قورۇنغان، ياتسىرىغان بولسىمۇ، تەمكىنىنى يوقاتمايدى. ھەر قېتىم مەيدانغا يېڭى باشلىق كەلگەندە، تەكرارلىنىدىغان بۇ ھالەت ئالدىغا چىققۇچىلارغا ئۇنچىۋىلا ئەجەبلىنەرلىك ئىش بولۇپ تۇيۇلمىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى مەيدانىنىڭ بۇ يېڭى باشلىقىنىڭ ئەمدىكى مۇقامىنى قانداق تۇۋلايدىغانلىقىنى ۋە «سەنەم» گە قانداق دەسسەيدىغانلىقىنى بىلمەيتتى.

## غەلىتە ئادەم

يېڭىدىن كەلگەن مەيدان باشلىقىنىڭ ئىسمى ياقۇپ جۇمە ئىدى. ئۇ، يوپۇرغا ناھىيىلىك سۈپەتلىك چارۋا يېتىشتۈرۈش مەيدانىغا خىزمەتكە كەلگەندىن كېيىن، يۈك - تاقلىرىنى بىر ئېغىز ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرۇۋالدى. ئۇ مەيداننىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىدىن تەپسىلىي خەۋەردار بولمىسىمۇ، لېكىن، مەيداننىڭ ھەر يىلى زىيان تارتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ۋە بۇ يەردىكى بىر قىسىم كادىرلار ئىستىلىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى بىلەتتى. گەرچە ئۇ ئاساسىي قاتلام خىزمىتىدە تەجرىبىسىز بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ پاسسىپلىقنى خالىمايدىغان، ھەر قانداق ئىشنى بىجانىدىل ئىشلەيدىغان خۇسۇسىيىتى ئۇنى مەيۇسلۈكتىن غالىب قىلدى. ئۇ بۇنىڭدىن كېيىن بىللە ئىشلەيدىغان خىزمەتداشلىرىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى چۈشىنىش ئۈچۈن، ئىشتىن بوشانغاندا، توپلىشىپ قارتا ئوينايدىغان ئىشچىلارنىڭ ئارىسىغا بېرىپ قارتا ئوينىدى، ياكى سوقمىسى ئوينايدىغان ئىشچىلارنىڭ يېنىغا بېرىپ، ياكى چېقىپ يېگەچ ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىنى

كۆزەتتى، گەپ ـ سۆزلىرىگە قۇلاق سالدى ۋە ئۇلارنىڭ كۆز قىسىشىۋېلىپ شەكلى ئۆزگەرگەن قىمار ئوينايدىغانلىقىنى بىلىۋالدى. ئەمما كۆپ سانلىق كىشىلەر ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشىنى بىر مەيدان باشلىق بولغۇچىغا نىسبەتەن مۇناسىپ كەلمەيدىغان «ئىززىتىنى ساتقانلىق»، «نەزەرى تۆۋەنلىك» دەپ قارىدى. شۇڭلاشقا ئۇ، بىر مەزگىل رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئاغزىدا «كىم ئۇسسۇلغا سالسا، كەلسە ـ كەلمەس دەسسەيدىغان گول ئادەم»گە ئايلىنىپ قالغان بولسا، ئىشچىلارنىڭ ئاغزىدا «تايىنلىق» بىر ئادەم بولۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى تېخى ياقۇپ جۇمەنى «غەلىتە ئادەم ئىكەن» دېيىشتى.

## ئۇ زادى قانداق ئادەم؟

ياقۇپ جۇمە تېرىم يېزىسىنىڭ قاراتوغراق كەنتىدىن بولۇپ، 1978- يىلى ناھىيەدە سىفەن سىنىپىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ناھىيەلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغانىدى. 1981- يىلدىن كېيىن ناھىيەلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىدە ئىشلىدى. 1984- يىلى 7- ئايدا، بۇ مەيداننىڭ باشلىقى بولۇپ كەلدى، ئەمما، ئۇنىڭ ھېلىقىدەك قىلىقلىرى كىشىلەرگە غەلىتە تۇيۇلدى. ئەپسۇسكى، ئۇلار ياقۇپ جۇمەنىڭ نېمە ئويلىرى بارلىقىنى بىلمەيتتى. شۇڭا ئۇلار ياقۇپ جۇمەنى بۇ يەردىكى خىزمەتنىڭ مۇرەككەپ ۋە مۇشكۈل ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ، دەپ قارايتتى. بىر كۈنى ياشانغان بىر ئىشچى ئۇنىڭغا:

— ئۇكام، سىز بۇ مەيدانغا كېلىشتىن بۇرۇن كارىنىڭىزنى بىر-ئىككى قېتىم ياغلىۋېتىپ كەلگەنمۇ ـ قانداق؟ـ

دېدى. ياقۇپ جۇمە بۇ ئادەمنىڭ ھەممىنىڭ گېپىنىڭ ئاسا-
سىز ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدى- دە:

— قانداق دەيسىز؟ — دەپ سورىدى.

— كېلەپلا نەپسانىيەتچى، پارىخور ئادەملەر بىلەن بىرلىشىپ كەتتىڭىزغۇ؟!

— ئۇنداق ئەمەستۇ؟- دەپ ياندۇرۇپ سورىدى ياقۇپ جۇمە گەپ تەشمەكچى بولۇپ.

— بىزنى بىلمەيدۇ، دەمسىز؟! مەن راست گەپ قىلى-مەن، ھېچكىمدىن قورقمايمەن، ئىلگىرى بۇ مەيداندا باش-لىق بولغانلارمۇ ئايرىم ساندىكى يامان ئادەملەر بىلەن ئا-پاق - چاپاق بولۇپ كەتكەچكە، كېيىن ئۇلار ئىشچىلارنىڭ مال - مۈلكىنى بۇلاپ - تالاپ يەپ كەتسە گەپ قىلالمى-غان. راستىنى ئېيتقاندا، بۇ يەرگە خىزمەتكە كەلگەن باش-لىقلار كېلەر چېغىدا كونا چاپان كېيىپ كەلسە، يۆتكىلىپ كېتىدىغان ۋاقتىدا، سارجا رەختتىن كېيىم كېيىپ، قاقتى-سوقتى قىلغان نەرسە - كېرەكلەرنى توشۇشقا ماشىنا چى-قىشتۇرالماي كېتىدۇ... سىزنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكى-ڭىزنى چۈشەنگىلى بولمايدىكەن، ئۇكام.

— ئاكا،- دېدى ياقۇپ جۇمە ئۇنىڭ گېپىنى سەۋر-چانلىق بىلەن ئاڭلىغاندىن كېيىن سەممىي ھالدا،- مېنىڭ بۇزۇپ-چېچىپ يەپ كېتىشىمدىن ئەنسىرىمەڭ. مەن ھەرگىز ئۇنداق قىلمايمەن، چۈنكى مېنىڭ ۋىجدانىم باشقىلارنىڭ مال - مۈلكىنى يېيىشىمگە يول قويمايدۇ، مەن كىشىلەر-گە ئارىلاشمىسام، ئۇلارنى چۈشەنمىسەم، نەپسانىيەتچىلەر-نى قانداق تۈزەيمەن، مەيداننىڭ خىزمىتىنى قانداق ئىل-گىرى سۈرىمەن؟!

— بۇ يەرگە باشلىق بولۇپ كەلگەنلەرنىڭ قايسى
بىرسى مۇشۇنداق دېمىگەن؟ سىزنىمۇ كۆرۈپ باقىمىز تېخى!
ياقۇپ جۇمە ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئېغىر ئالمىدى،
لېكىن قاتتىق تەسىرلىنىپ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قالدى.
گەرچە ئۇ خىزمەتكە رەسمىي قول تىقماي يۈرگەندەك كۆ-
رۈنسىمۇ، مەيداننىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىدىن تەپسىلىي خە-
ۋەردار بولۇش ئۈچۈن، باشقىلارنىڭ پىكىر - تەلەپلىرىنى
زېرىكمەي ئاڭلاپ ئەھۋال ئىگىلىدى ، لېكىن ئىپادە بىل-
دۈرمىدى. بىر كۈنى ئۇ ئۆزىگە ئەڭ يېقىنچاق بولۇپ كەت-
كەن مەيدان پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ بىر ئەزاسىدىن يا-
چېيكىدا قانچە ئەزا، مەيداندا قانچە پارتىيە ئەزاسى بار-
لىقىنى سورىۋېدى، دۇدۇقلاپ جاۋاب بېرەلمىدى. ياقۇپ جۇ-
مە ئۇنىڭدىن قاتتىق ئەپسۇسلاندى…

## بۇ قانداق مەيدان ئىدى؟

بۇ مەيداندا يەتتە ئەترەت، 441 نوپۇس، 87 ئائىلە، 156 ئەمگەك كۈچى، 2123 مو تېرىلغۇ يەر، 2064 تۇياق چوڭ-كىچىك چارۋا - مال بولۇپ، مەيدان قۇرۇلغان 22 يىلدىن بۇيان، ئون نەچچە قېتىم مەيدان باشلىقى ئالماشقانىدى. ئۇلارنىڭ كۆپلىرى مەيداننىڭ ھەر يىلى زىيان تارتىپ كېلىۋاتقان ھالىتىنى ئۆزگەرتىشكە تىرىشقان بولسىمۇ، بۇ يەردىكى ئايرىم ساندىكى كىشىلەرنىڭ ئوخشىمىغان قايمۇقتۇرۇشى ۋە كاشىلا بولۇشىغا ئۇچرىغاچقا، ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمەي كېتىشكەنىدى. مەيدان ئىشچىلىرى بىلەن ھېلىقىدەك رەھبەردى كادىرلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقمۇ چوڭ ئىدى: ئۈچ ئېلىش، قورقۇتۇش، بۇيرۇقۋازلىق، نەپسانى-

يەتچىلىك قىلىش، ئۆز يېقىنلىرىغا كەڭ قورساق بولۇش، ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىدە ھەشەمەت قىلىش قاتارلىقلار ھېلىقىدەك كادىرلارنىڭ جىسمىغا سىڭىپ كەتكەن ئىللەت بولغاچقا، ئىشچىلارنىڭ نارازىلىقى كۆپ ئىدى. شۇڭا ئىشچىلار ھېلىقىدەك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ «كۆڭلى يېقىنلىرى» دەپ قارىغان كىشىلەر بىرەر ئىشقا دۇچ كەلسە «پالانى ئاكاڭ، پوكۇنى داداڭ بار، قورقما» دەيدىغان بولۇۋالغانىدى. ياقۇپ جۇمە مۇنداق مۇرەككەپ ئىجتىمائىي زىددىيەتنى چۈشەندى. شۇڭا ئۇ، سەزگۈرلۈك بىلەن ئالدىن ئۆزى چۈشىنىش، مەسىلىگە ئاددىي كۆز بىلەن قارىماسلىق، ئىنچىكە تەھلىل يۈرگۈزۈش، ئالدىراپ ھۆكۈم چىقارماسلىق ئۇسۇلىنى قوللىنىشنى خىزمەتتە ئۇنۇم ھاسىل قىلىشنىڭ ئاچقۇچى، دەپ قارىدى ۋە بەش ئايدىن كۆپرەك ۋاقىتنى ئىنچىكە كۆزىتىش، جاپالىق ئەقلىي ئەمگەك قىلىش بىلەن ئۆتكۈزۈۋەتتى.

## ئىزگىن تارتىلغاندا

1985 ـ يىلى ياز كۈنلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ياقۇپ جۇمە خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن ناھىيىگە بېرىپ، ناھىيىلىك مالىيە ئىدارىسىنىڭ بىر نەپەر مەسئۇلى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇ، سۆز ئارىلىقىدا ياقۇپ جۇمەدىن:

— ئاڭلىسام، مەيدان نامىغا دەرۋازا، چىراغ ياققىلى ماتۇر ئاپسىز، راستمۇ؟ ـ دەپ سوراپ قالدى.

— راست، ـ دېدى ياقۇپ جۇمە كەسكىن قىلىپ ۋە ھەيران بولدى، ـ قانداق دەيسىز؟

— ئۆزەمچە سورىدىم.

— ئۆزى ئىشلەتكەلى ئالدى، دېگەن گەپلەرنى ئاڭلاپ قالغان ئوخشىمامسىز؟ — دېدى ياقۇپ جۇمە ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى چۈشىنىپ.

— ئۇنىڭدىن باشقا يەنە سىزنى مەيدانغا بارغاندىن كېيىن، ئالتە قوينى يەپ بولدى، دېگەن گەپلەرمۇ بارغۇ؟

— راستلىقىغا ئىشەنگەن بولسىڭىز تەكشۈرۈڭ، ھەقىقەت ئايدىڭلاشتۇرۇلسۇن! — دېدى ياقۇپ جۇمە يۈرەكلىك ھالدا.

— بۇ مېنىڭ سىزنى مۇشۇ ئىشلارنى قىلىدۇ، دەپ ئىشەنگەنلىكىمدىن ئەمەس، بۇنداق ئىشلارنى قىلمايدىغانلىقىڭىزغا ئىشەنگەنلىكىمدىن مۇشۇنداق دەۋاتىمەن.

ياقۇپ جۇمە 1985-يىلى 1-ئايدا خىزمەتكە رەسمىي قول تىققانىدى. ئۇ، ئالدى بىلەن خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى مەيدان بويىچە ئىدىيە ئۆزگەرتىشكە قاراتتى. ئۇ، ئۆزىگە پىكرى چىققان ئىشچىلار، كادىرلارنىڭ ئۆيلىرىگە كۆپ قېتىم كىرىپ، خىزمەتنى قانداق ئىشلەش توغرىسىدا ئويلىغانلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ مەسلىھەتلەشتى. بىر قىسىم كىشىلەر ئۇنىڭ بۇ ئىشىنى ياقتۇرمىدى ۋە «قورقۇنچاق»، «نان كۈچۈكى» دەپ مازاق قىلدى. ياقۇپ جۇمە مەيدان پارتىيە ياچېيكىسىدىكى يولداشلار ئارىسىدا سىياسىي - ئىدىيىۋى خىزمەتنى كۈچەيتىش بىلەن بىللە ئىتتىپاقسىزلىق، ئارقىدىن گەپ تارقىتىدىغان قىلىقلارنى دادىل تەنقىد قىلدى. پارتىيە ئەزالىرى رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك سەككىز ھاددىلىق بەلگىلىمىنى ئەمەلىيلەشتۈردى. ئون بەش كۈندە بىر قېتىم پارتىيە ياچېيكا ئەزالىرى تۇرمۇشى ئۆتكۈزۈش، ئايدا بىر قېتىم پارتىيە ئەزا-

لەری يىغىنى ۋە پارتىيە تۇرمۇشى دەرس يىغىنى ئېچىشنى
ئۆكسىتىپ قويىدى. پارتىيە ئەزالىرى يىغىنىدا ئۆز - ئۆ-
زىنى تەنقىد قىلىپ تۈزىتىش ۋە تۈزەتكەننى ئەمەلىي ھە-
رىكىتىدە كۆرسىتىشنى ئىشقا ئاشۇردى؛ پۈتۈن خىزمەتكە
بىر ئادەم يېتەكچىلىك قىلىش، يىغىندا بىر ئادەم سۆز-
لەش، پىلاننى بىرلا ئادەم ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئەمەلدىن
قالدۇرۇپ، كۆپچىلىك ئەركىن سۆزلەش، كۆپچىلىكنىڭ ئە-
قىل - پاراسىتىگە تايىنىشنى ئاساسىي ئورۇنغا قويدى. شۇ-
نىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ، ھەرساھە كىشىلىرىدىن تەر-
كىب تاپقان مەمۇرىي ئىشلارغا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپ-
پىسى قۇرۇپ، ئىشچىلار، كادىرلارنىڭ تەلەپ - پىكىرلىرى-
نى ئاڭلاش، تەنقىدنى قوبۇل قىلىش، ياخشى ئىشلارنى
قوللاش، ناچار ئىللەتلەرنى توسۇش، تۈزىتىش خىزمىتىنى
چىڭ تۇتۇپ ئىشلىدى. ياقۇپ جۇمە ئىش ئورۇنلاشتۇرغان-
دا كوللېكتىپ مۇزاكىرە قىلىشنى ئىشقا ئاشۇردى. مۇزاكى-
رە جەريانىدىمۇ پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، توغرا پىكىرلەر-
نى قوللىدى، خاتا پىكىرلەرنى رەت قىلدى. بىر قېتىم
قانداق قىلغاندا مەيداننىڭ زىيان تارتىش ھالىتىنى پاي-
دا ئېلىشقا ئۆزگەرتەلەيمىز، دېگەن مەسىلە مۇزاكىرە قى-
لىندى. ياچېيكا ئەزالىرى بىردەك: يەتتە مو يەرنىڭ بىر
يىللىقىنى يەر تېرىيدىغان ئىشچىلارغا 300 يۈەندىن نەق-
پۇلغا كۆتۈرە بېرىشنى تەلەپ قىلدى. لېكىن ياقۇپ جۇمە
ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، ئىشچىلارنىڭ ھۆددىگە ئال-
غان يەردىن يىل بويى ئىشلىسىمۇ، 300 يۈەنگە چۈشلۇق
ئىقتىسادىي قىممەت ياراتالمايدىغانلىقىنى، شۇڭا ئۇلار-
نىڭ دېگىنىدەك قىلغاندا، ئىشچىلارنىڭ بۇ مەيداندىن

تېزىپ كېتىدىغانلىقىنى ئويلاپ، بۇلارنىڭ پىكرىنى رەت قىلدى.

ئىنتىزامىنىڭ چىڭلىقى، تىزگىنىنىڭ بارغانسېرى مەھكەم تارتىلىشى ئايرىم كادىرلارنى تەمتىرىتىپ قويدى. شۇڭا ئۇنداقلار ياقۇپ جۇمەنىڭ ئاغزىنى ۋاقتىدا تۇۋاقلاپ قويۇش لازىملىقىنى ئويلاپ، ھەر خىل بەتناملارنى چاپلاپ، پىتنە ـ پاساتلارنى تارقىتىپ، يۇقىرىغا ئەرز ـ شىكايەت قىلىپ، كىشىلەرنىڭ ياقۇپ جۇمەگە بولغان قارشىلىقىنى كۈچەيتمەكچى، ياقۇپ جۇمەنىڭ بېلىنى سۇندۇرماقچى بولدى. لېكىن، كۈن نۇرىنى ئېتەك بىلەن ياپقىلى بولمايتتى.

## خۇشامەت ئالدىدىكى پەزىلەت

پاكلىق — كىشىنى ھەر قاچان ناپاكلىقتىن ساقلايدۇ. ئەمما، ناپاك ئادەملەر پاك ئادەملەرنى ئالداپ، ئۆزىگە ئوخشاش قىلىش ئارقىلىق شېرىن ئارزۇلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئۇرۇنىدۇ. ياقۇپ جۇمە مۇنداق قىلىشنى شەرمەندىلىك دەپ قارىغاچقا، مال ـ مۈلۈك ئالدىدىمۇ كۆزى قىزارماي، توغرا تۇرۇپ، باشقىلارنىڭ خۇشامەتلىرىگە رەددىيە بېرىش بىلەن بىللە، مەيداننىڭ بىر تال چوكىسىنىمۇ پۇلسىز ئالمىدى. 1985- يىلى 9- ئايدا، ئۇ بىر ئوغلىنىڭ خەتنە تويىنى قىلدى. بۇ چاغدا مەيداندىكى بىر قانچە كىشى ئۇنىڭ ئۆيىگە بىر قوي ئېلىپ باردى. ياقۇپ جۇمە قوينى قايتۇرۇۋەتتى ۋە ياچېيكا يىغىنىدا ئۆزىنى تەنقىد قىلدى:

— مەيداندىكى باشقا يولداشلار ئوغلىنىڭ خەتنە تويىنى ئۆتكۈزسە، قوي ئېلىپ بارمايسىلەرۇ، نېمىشقا

مېنىڭ ئۆيۈمگە قوي ئېلىپ بارىسىلەر؟ بۇ قوينى ماڭا سى-
ڭىدۇ، دەپ ئويلامسىلەر؟ - دېدى.

1985 - يىلى 10 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ئاخشىمى يا-
قۇپ جۇمەنىڭ يانتاقلىقنىڭ ئېشىكىنى بېرىسى چەكتى ۋە يا-
تاقتا كىردى، ھېلىقى كىشى مەيداننىڭ ساتماقچى بولغان
تراكتۇر كوزۇپىنى ئالماقچى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، كوزۇپنى
ئەرزان باھادا ئېلىشنى مەقسەت قىلىپ، ئېلىپ كىرگەن
200 يۈەن نەق پۇلنى ياقۇپ جۇمەگە تەڭلىدى. ھېلىقى كىشى
مەيداندىكى ئابرويلۇق ئادەم بولغاچقا، ياقۇپ جۇمە پۇل-
نى ئېلىپ قالىدى. ساتىدىغان كوزۇپنىڭ تەننەرقى مۇ-
قىملاشقاندىن كېيىن، ياقۇپ جۇمە ئۇنىڭدىن 1000 يۈەن
پۇل ئېلىپ، ھېلىقى 200 يۈەننى قوشۇپ كوزۇپنى سېتىپ
بەردى. ھېلىقى كىشى بۇ ئىشتىن قاتتىق خىجىل بولدى ۋە
ئاشكارا تەنقىدلەشتىن ئەنسىرەپ روھى چۇشۇپ كەتتى.
لېكىن، ياقۇپ جۇمە بۇ ئىشنى ھېچكىمگە دېمەي ئۇنى چوڭ-
قۇر تەسىرلەندۈردى.

يەنە بىر قېتىم بىر ئىشچى ئۇنىڭ ئىشخانىسىغا كى-
رىپ، ئۆزىنىڭ مەيداننىڭ 50 تۇياق قويىنى نېسى سېتى-
ۋېلىپ، قاسساپلىق قىلغانلىقىنى، مەيداندىن 500 يۈەن قەرزى
قالغانلىقىنى دېگەندىن كېيىن:

— بۇ پۇلغا بىر كالا ئېلىپ بەرسەم قانداق؟ - دېدى.

— كىمگە؟ - دەپ سورىدى ياقۇپ جۇمە.

— كالىنى سىزگە ئېلىپ بېرىپ، ئۆزەم بېقىپ بەرسەم،
دەپ ئويلىغان، - دېدى ھېلىقى ئىشچى پەس ئاۋازدا.

— كوللېكتىپنىڭ پۇلىنى مەندەك بىر شەخس ئىگىلىۋالسام
توغرا بولامدۇ؟ - دېدى ياقۇپ جۇمە ئۇنىڭ نەپ ئېلىش،

خۇشامەت قىلىش غەرىزىنى بىلىپ.

1985 ـ يىلى مەيدانىنىڭ مەكتەپ قۇرۇلۇشىنى كۆتۈرە ئالغۇچىلار ياقۇپ جۇمەگە بىر بولاق پۇلنى تەڭلىگەندىمۇ:

— مۇشۇنداق قىلىدىغان بولساڭلار، سىلەرگە بەرگەن قۇرۇلۇشنى تارتىۋالىمەن، — دەپ دەل ۋاقتىدا تەنقىد قىلدى. ياقۇپ جۇمە ئۇنىڭدىن باشقا بىر نەچچە قېتىملىق پارىنى رەت قىلدى، ئاددىيسى باشقىلار ئۇنىڭغا خۇشامەت قىلىپ، ئاشخانىلارغا تەكلىپ قىلغانىدىمۇ كىرمىدى، بۇ مەيداندا ئوتۇن كۆپ بولغاچقا، پۇلغا ئوتۇن ئالىدىغان ئىش يوق ئىدى. لېكىن، ئۇ، ئوتۇنىنىمۇ، چەللە ـ باراڭ قىلغىلى چاتىغان تېرەك شېخى لازىم بولغاندىمۇ نەقپۇلغا سېتىۋالدى.

* * *

ياقۇپ جۇمە كەمتەر بولۇپ، ياخشى ئىش، ياخشى ئىستىلنى باشلامچىلىق بىلەن جارى قىلدۇردى: 1985 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى يېزا ئىگىلىك 3 ـ دېۋىزىيە 42 ـ تۇەن-مەيدانىنىڭ بىر ئاپتوموبىلى مۇز ئاستىغا چۈشۈپ كەتكەندە، ياقۇپ جۇمە ئون نەچچە ئادەمنى باشلاپ بېرىپ، مۇزلۇق سۇغا ئۆزى باش بولۇپ سەكرەپ چۈشۈپ، مۇزلارنى چوقۇپ، لاي ـ لاتقىلارنى چىقىرىپ تاشلاپ، 2 ـ 3 سائەت مۇزلۇق سۇدا تۇرۇپ ئىشلەپ، ئاپتوموبىلنى چىقىرىشىپ بەردى. ئائىلىسىدە قىيىنچىلىقى بار ئىشچىلارغا 200 يۈەندىن كۆپرەك نەقپۇل ياردەم قىلدى. مەيدان بويىچە ئەمگەك ئۇيۇشتۇرۇلغاندا، ئىشچىلار بىلەن ئوخشاش ئەمگەك قىلدى. ئاجىزلارغا يار ـ يۆلەك بولدى. ھاراق ئىچىپ جېدەل تېرىيدىغان، قىمار ئوينايدىغان كىشىلەرنى يىغىپ تەربىيىلەپ، ئۆزگەرتىپ، جەمئىيەت كەيپىياتىنى ياخشىلىدى.

ئوقۇتقۇچىلىق تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن مەكتەپلەرنىڭ شا-
رائىتىنى، داۋام، بىلىم نەتىجىسىنى يۇقىرى كۆتەردى.

## ئاقىش

1985 - يىلى 12 - ئاينىڭ 5 - كۈنى مەيدان مەر-
كىزى يىللىق خىزمەت خۇلاسىسىغا كەلگەن ئادەملەر بى-
لەن تولغانىدى. يىغىندا مەيداننىڭ بىر يىللىق خىزمەت
ئەھۋالى تۆۋەندىكىدەك يەكۈنلەندى: يىللاردىن بۇيان
بۇ مەيداندا دېھقانچىلىقتىن مول ھوسۇل ئېلىنغان بول-
سىمۇ، چارۋىچىلىقتىن زىيان كۆرۈلگەچكە، دېھقانچىلىقنىڭ
پايدىسىنى يەپ كەتكەن، ياقۇپ جۇمە بۇنى ئۆزگەرتىشنىڭ
يوللىرىنى كۆپ تەرەپلىمە ئويلانغان، بولۇپمۇ ئۇ، چار-
ۋىچىلارنىڭ يىل بويى جاپالىق ئىشلىسىمۇ، يىل ئاخىرىدا
زىيان تارتىپ ئىشىنى چىشلەپ قالىدىغانلىقىنى نەزەرگە
ئېلىپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلىرىدىكى بىر قىسىم
نامۇۋاپىق قائىدە - تۈزۈملەرنى ئۆزگەرتكەن. ئۇ، ئىشچى-
لارنىڭ تەلەپ - پىكىرلىرىنى چوڭقۇر تەھلىل قىلغان ۋە كىرىم-
چىقىمنى ھېسابلاپ كۆرگەندىن كېيىن، يەر تېرىيدىغان
ئىشچىلارنىڭ يىللىق تاپشۇرىدىغان كۆتۈرە توختىمىدىكى
پۇلدىن 40 يۈەن ئازايتقان. ئوغۇت، يۇڭ - تېۋىتتىن چارۋا-
مال باققۇچى ئىشچىلارنىڭ ئۆزلىرى پايدىلىنىشىنى كاپا-
لەتلەندۈرگەن. 100 قويدىن 45 قوزا ئېلىش توختىمىنى 42 گە
چۈشۈرگەن، مەيدان بويىچە ئۈچ قېتىم ئىشچىلار يىغىنى ئې-
چىپ، تەشۋىقى - تەربىيە ئېلىپ بارغان ۋە رىغبەتلەندۈ-
رۈشنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قىزغىنلىقىنى
ئاشۇرغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، چارۋا - مالارنى

تاۋارلاشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، چارۋىچىلىقتا زىيان تارتىش ھالىتىگە خاتىمە بەرگەن. 73 تۇياق قويىنى بور-داپ سېتىپ 7300 يۈەن كىرىم قىلغان. ئىككى تراكتورنىڭ باشقۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، 7000 يۈەندىن كۆپرەك پايدا كەلتۈرگەن. شۇنداق قىلىپ، بۇ مەي-دان يىللاردىن بۇيان تارتىپ كېلىۋاتقان زىياننىڭ ئور-نىنى تولدۇرغاندىن باشقا، يەنە 10 مىڭ يۈەن ساپ پايدا ئالغان. بۇلارغا قايىل بولغان يىغىن ئەھلى ياقۇپ جۇمەگە ئىختىيارسىز ھالدا ئالقىش ياڭراتتى.

* * *

1986 - يىلى 5 - ئاينىڭ 20 - كۈنى مەن ياقۇپ جۇ-مەنى ئىككىنچى قېتىم زىيارەت قىلىپ بارغاندا ئىشچىلار ماڭا: «بۇ ئادەمنى ئالتۇن دەپ تەرىپلىسەكمۇ ئازلىق قى-لىدۇ» دەپ ماختاشتى. ياقۇپ جۇمە ھەقىقەتەنمۇ بۇ مەي-داننىڭ قالاق قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش يولىدا كۆپ كۈچ چىقىرىپ، كۆپ ئىزدىنىپتۇ. يېقىندا ئۇ، مەيداندىكى 10 مىڭ يۈەنلىك ئىقتىسادىي مەسىلىنى پاش قىلىپ بىر قىس-مىنى تۆلىتىۋاپتۇ.

ياقۇپ جۇمە سۆھبىتىمىزنىڭ ئاخىرىدا ماڭا مۇنداق دېدى:

— ئىلگىرى مەن بۇ يەردە بىر قانچە يىل تۇرۇپ قالىدىغان بولسام، چېچىمغا ئاق كىرىپ كېتىدىغان ئوخ-شايدۇ، دەپ ئەنسىرىگەنتىم، لېكىن ھازىر ئۇنىڭ ئەكسىچە ئامما مېنى قوللىدى، ئەھۋال ياخشىلاندى؛ چارۋىلاردىن تۆل ئېلىش نىسبىتى 95 پىرسەنتتىن ئاشتى، زىرائەتلەرمۇ ئوخشىدى. بۇ يىل ئاخىرىدا يەنە 25 مىڭ يۈەن پايدا ئې-لىش مۆلچەرىمىز بار... بىراق، بۇ تېخى ئىشنىڭ باشلىنى-

شى... ئىمكان بار بىز يەنە ئىشچىلارنىڭ سىلىقىنى ئازايتىمىز، شۇڭا ھازىر ئىلگىرى كۆچۈپ كەتكەن 12 ئائىلىلىك ئىشچى مەيدانغا قايتىپ كېلىشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ.

ياقۇپ جۇمەنىڭ جاپالىق ئەمگەك نەتىجىسى يالغۇز مەيداندىلا تىلغا ئېلىنىپ قالماستىن، داڭقى يىراق - يېقىنغا كېتىپتۇ؛ 1985 - يىلى 12 - ئايدا قەشقەر ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە چارۋىچىلىق باشقارمىسى بۇ مەيداننى زىياننى پايدىغا ئايلاندۇرغان مەيدان، دەپ تەقدىرلەپتۇ. ناھىيىمۇ بۇ مەيدانغا كارخانىنى تەرتىپكە سېلىشتا «لاياقەتلىك كارخانا» دەپ گۇۋاھنامە بېرىپتۇ ۋە 120 يۈەن نەقپۇل بىلەن مۇكاپاتلاپتۇ. ياقۇپ جۇمەمۇ ئۇدا تۆت يىل مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى بولۇپ باھالىنىپتۇ.

1986 - يىل ماي، يوپۇرغا - قەشقەر



# پەرىشتىلەر سۇنغان قول

قوش ئۆز ئەركىدىن ۋاز كېچىپ، ئالتۇن قەپەزگە كىرىشنى راۋا كۆرمىگىنىدەك، كىشىلەرمۇ تۆرۈلۈش بىلەنلا ئۆمرىنى غەمسىز ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ھاياتلىق يولىدا تىركىشىدۇ. ئەمما، رېئاللىق، تەقدىر بەزىدە شۇنچىلىك رەھىمسىزكى، ئارزۇ- ئۈمىد، غايە دېگەنلەرگە بېقىنمايدۇ. ئۇ گاھىدا كىشىلەرنى تىلىقىپ كۈلدۈرسە، گاھىدا ئۆپكىدەپ يىغلىتىدۇ. گاھىدا ئەتىۋارلىسا، گاھىدا ئازاب يېغىدا قورۇيدۇ. ئادەملەر تۇرمۇشنىڭ ئەنە شۇنداق رەھىمسىز كۈلپەتلىرى ئالدىدا ئۈمىدسىزلەنمەي ياشىسىلا، ھاياتلىق قۇچاق ئاچىدۇ…

## رېئاللىققا ئايلانغان قاباھەتلىك چۈش

تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ خىزمەتكە ئورۇنلاشقان، 28 ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان خېيرىگۈل 1989- يىلى 8- ئاينىڭ 28- كۈنى تۈن يېرىمىدا ئېچىنىشلىق ئىڭراپ ئويقۇدىن ئويغاندى. ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئېرىتىدىغان ئايانچلىق نالىسىدىن تاشقارقى ئۆيدە ياتقان 70 ياشلاردىكى كېسەلچان دادا مەڭدەپ كۆزىنى ئاچتى-دە، دەرمانسىزلانغان قوللىرىدا كارىۋاتنى تىرەجەپ ئورنىدىن تۇرۇپ، خېيرىگۈلنىڭ ياستۇقى يېنىدا جىن چىراغ ياندۇردى. چىلىق-چىلىق تەرگە چۆمۈلگەن خېيرىگۈلنىڭ رەڭگى

بورىدەك ئاقىرىپ، كۆز قارىچۇقى تارتىلىپ، نەپەسى جىد-
دىلەشكەنىدى. دادا ئۇنىڭ چېكە، قول بېغىشلىرىنى ئۇزاق-
قىچە ئۇۋۇلاپ ھوشىغا كەلتۈردى. خېيىرىگۈل ھېلىلا كۆرگەن
قاباھەتلىك بىر چۈشىنى ئېسىگە ئېلىپ، ئورنىدىن تۇرماقچى
بولدى-يۇ، پۇت-قوللىنىڭ ئۈيۈشۈپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ،
چۈشىنىڭ كۆزىنى يۇمۇپ ئاچقىچە، رېئاللىققا ئايلانغانلىقى-
دىن ھەيران بولدى. ئاتا-بالا تاڭ ئاتقىچە كىرپىك قاق-
مىدى. ئەتىسى سەھەردە خېيىرىگۈل تۇر ھارۋىغا ئولتۇرۇپ،
خىزمەت ئورنى — مارالبېشى ناھىيە ئانار كۆل يېزا ئاچال
باشلانغۇچ مەكتىپىگە بېرىپ، رەھبەرلىكنى خەۋەرلەندۈرۈپ،
ئائىلىسىگە قايتتى...

## خۇراپاتلىقنىڭ پاجىئەسى

تۇراخۇن ئاكا قىزى خېيىرىگۈلنىڭ كۆز يېشى قىلىپ
يېلىنىشلىرىگە پەسەنت قىلماي، ئۆيگە موللا تەكلىپ قىلىپ
كۆپ قېتىم «سوپ» لىتىپ قوللىدىن نەچچە يۈز يۈەنىنى چى-
قىرىۋەتتى. دەرۋەقە خېيىرىگۈلنىڭ دەسلەپ تېلىپ، كېيىن
قاتتىق ئاغرىپ ئارام بەرمەيدىغان پۇت-قوللىنىڭ ئەھ-
ۋالى كۈندىن-كۈنگە سۇسلاشماقتا ئىدى. دادا «ئايەتنىڭ
كارامىتى» دىن قەۋەتلا خۇشاللاندى. خېيىرىگۈلمۇ ئاغرىق
ئازابىدىن قۇتۇلۇۋاتقانلىقىغا قانائەت ھاسىل قىلدى. ئا-
رىدىن بىر ئاي ئۆتتى. خېيىرىگۈلنىڭ كېسەل يېڭى باشلانغان
مەزگىلدىكى تولۇق سېزىمغا ئىگە پۇت-قولى بارا-
بارا بوشىشىپ، سېزىمچانلىقى يوقىلىشقا باشلىدى. ئۇ شۇ
چاغدىلا ئەجەل قوشى نىمجان تېنىنى قەستلەپ يېقىنلاپ كې-
لىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشقا باشلىدى. قوشنىلار، خىزمەت-

داشلىرى ئۇنى يوقلاپ كېلىپ، ئۇنىڭ زەپىرەڭدەك سۇلغۇن چىرايىنى كۆرۈپ، دوختۇرخانىغا يۆتكەش تەكلىپىنى بېرىپ قايتىشتى. دېمىسىمۇ ئۇ، زەئىپلىشىپ، قۇرۇق مۇردىغا ئوخشاپ قالغانىدى.

## شىپالىق قوللار

خېيرىگۈلنىڭ قاخشال دەرەختەك گۆشسىز ئۇستىخىنى 42 كۈندىن كېيىن دوختۇرخانىغا يۆتكەلدى. دوختۇرلار ئۇنى تەكشۈرۈپ، ساقىيىش-ساقايماسلىقىنى جەزىم قىلىشالمىدى. چۈنكى دوختۇرغا كۆرۈنۈش ۋاقتى تولىمۇ كېچىككەنىدى. كېچىككەندىلا ئانا مېھرىدىن مەھرۇم بولغان خېيرىگۈل بالىنىستقا ئېلىنغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ چەت يۇرتتىكى ئىككى ئاچىسى خېيرىگۈلنىڭ كېسەلىدىن خەۋەر ئېلىشقا قادىر بولالمىدى. قىزنىڭ كۈندىلىك تاماقىنى بازاردىن سېتىۋېلىپ يەتكۈزۈپ بېرىشنىڭ ئارانلا ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان بوۋايدىن ئاغرىنىشقا تېخىمۇ بولمايتتى. خېيرىگۈل تەرەتكە چىقىش، ئۇياق-بۇياققا ئۆرۈلۈشتە قىينىلىپ، جاراھەتلىك قەلبىگە غېرىبلىق، ئاجىزلىقنىڭ ئەلىمى نەشتەردەك سانجىلدى. «ئۆلمەكنىڭ ئۇستىگە تەپمەك» دېگەندەك، كېسەلگە قويۇلغان دىئاگنوز «ئولتۇرغۇچى نېرۋىلارنىڭ ھەرىكەتتىن توختىشى» بولۇپ ئېنىقلاندى. بۇ خىل كېسەللىك گەرچە بۇ دوختۇرخانىدا ساقايغانلىقى كۆرۈلۈپ باقمىغان ئىش بولسىمۇ، دوختۇرلار مۇشۇ يەرنىڭ ئۆزىدە ئامال قىلىپ كۆرۈشنى كېڭىشىپ بېكىتتى. نېمىلا بولمىسۇن ھاياتلىق شەپىسىنىڭ يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىغا خېيرىگۈلنىڭ چېھرىدە ئۈمىدۋارلىق نۇرى ئەكس ئەتتى.

كىشىلىك تۇرمۇش مۇناسىۋىتىدە ئادەمنىڭ شەخسىيە-
تى ۋە خاراكتېرىگە بېرىپ تاقىلىدىغان پەزىلەت دېگەن بۇ
نەرسىنىڭ بولۇش - بولماسلىقى تولىمۇ مۇھىم. شۇنىڭغا مۇ-
ناسىپ ھالدا تەقدىر بىلەن رىئاللىق قوشۇلۇپ، تالاي ئا-
راق قېرىنداش، دوست - بۇرادەرلەرنى رەقىبلەرگە، تالاي
يات ئادەملەرنى يېقىن ئادەملەرگە ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ.

1986 - يىلى قەشقەر تىببىي مەكتىپىنى پۈتتۈرۈپ، ما-
رالبېشى ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىغا خىزمەتكە تەق-
سىم قىلىنغان كومسومول، 23 ياشلىق سېستىرا گۈلزار خېنى-
رىگۈلنىڭ قارىغۇچىسى يوقلۇقىدىن خەۋەر تېپىپ، ھەر كۈنى
ئەتىگەن، كەچتە ئۆز ئۆيىدىن غىزا ئەكېلىپ ئوزۇقلاندۇر-
دى، پۇت - قوللىرىنى تۇتتى، ھەر كۈنى ئىسسىق سۇ بىلەن
يۇدى، ھەرىكەتلەندۈردى، ھاجەتخانىغا يۇدۇپ ئەپچىقتى
ياكى تەرەتنى تۆكتى، يوتقان - كۆرپىلىرىنى تۈزەشتۈر-
دى، ھەپتىدە بىر قېتىم كىيىم - كېچەكلىرىنى يۇيۇپ ئا-
ماشتۇردى، چېچىنى تاراپ قويدى، 50 يۈەنگە بىر قۇر كى-
يىم تىكتۈرۈپ كىيگۈزۈپ قويدى، خىراجىتىگە يەنە 35 يۈەن
پۇل بەردى. گۈلزارنىڭ يېرىم يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت دا-
ۋاملاشتۇرغان بۇ پەزىلىتىدىن تەسىرلەنگەن ئاتىكەم ئەمەت
15 يۈەن پۇل، رىسالەت 17 يۈەنلىك يېمەكلىك ياردەم قىل-
دى. بىمارلارغا يېتەرلىك دورا - ئوكۇلدىن باشقا يەنە ياخ-
شى گەپ، سىلىق مۇئامىلە، ساداقەت، ۋاپادارلىق، ئىنسان-
پەرۋەرلىك مۇھەببىتىمۇ كېرەك، مانا مۇشۇلارنى گۈلزارنىڭ
ئىنسانىي بۇرچى سۈپىتىدە ئۆزىدە يېتىلدۈرگەنلىكى بىلەن،
مۇشەققەتلىك كۈتۈش، داۋالاش بەدىلىگە، دۇنيادىكى شاد-
لىقتىن مەھرۇم بولۇپ، ھاياتتىن ئۈمىد ئۈزگەن بۇ نىمجان

تەن قۇتقۇزۇلدى. خېيرىنگۇل بالنىتسىقا كىرىپ ئىككى ئايغا يېقىن ۋاقىتتا ھەرىكەتتىن قالغان پۇت - قوللىرىدا سېزىم پەيدا بولۇشقا باشلىدى. دوختۇر ئاتىكەم، رىسالەت، سېستىرا گۈلزار ئالەمچە خۇشاللاندى. ئۇلار خېيرىنگۇلنى نۆۋەتلىشىپ ھاپاشلاپ سىرتقا ئېلىپ چىقىپ، دەسسەش، مېڭىشنى مەشىق قىلدۇردى. ئۇ بالنىتسىقا كىرىپ يېرىم يىلدا نەرسە - كېرەكلەرنى قولىدا بىمالال تۇتالايدىغان، ھاسىغا تايىنىپ سىرتقا چىقالايدىغان بولدى. ئاق خالاتلىق پەرىشتىلەرنىڭ ۋۇجۇدىدىكى پاك سۆيگۈ - ساداقەت — ئۇنىڭ قەلبىنى خۇددى سۇغا تەشنا بېلىقنى دېڭىزغا قويۇپ بەرگەندەك شادلاندۇرۇۋەتتى.

* * *

تەبىئەت زەر كىمخاپلاردىن يارىشىملىق ياسانغان ماي ئېيىنىڭ بىر كۈنى خېيرىنگۇلنى ۋېلسىپىتلىق ھالدا بۆك تېرەكلىك يول ئۈستىدە كېتىۋاتقان ھالدا ئۇچراتتۇق. ئۇ ھاياجان ئىلكىدە بىزگە ئاشۇلارنى سۆزلەپ بەردى. ئۇنىڭ ئاخىرقى تەسىراتلىرىدىن ماۋۇلارنى خاتىرىلىۋالدۇق:

— ئەلگە ھىممەت كۆرسەتكەنلەرنى ئەل ئېزىزلايدۇ، ئۇنداقلارنىڭ جىسمى تۇپراققا كۆمۈلۈپ كەتسىمۇ، روھى كىشىلەر قەلبىدە يۇلتۇزدەك چاقناپ تۇرىدۇ. مېنىڭ ئىككىنچى قېتىم يېڭىلانغان نۇرانە ھاياتىم ئاشۇ ئاق خالاتلىق پەرىشتىلەرنىڭ ھىممىتى. تومۇرۇمدا ئېقىۋاتقىنى ئۇلارنىڭ مېھرى، كىشىلەرگە بىر ئۆمۈر دوست بولالايدىغىنى پۇل ئەمەس، ئىنسانپەرۋەرلىك، گۈلزار ۋە دوختۇرلارنىڭ ماڭا كۆرسەتكەن مېھرىبانلىقىنى تەرىپلەشكە تىلىم ئاجىز. ماھارەتلىك رەسساملار پەزىلەت ۋە ئالىيجاناپلىقنىڭ ئەندىزىسىنى گۈلزاردىن ئالسۇن.

# «بوستان جاڭگىلى»دا چاقنىغان نۇرلۇق چولپان

## مۇقەددىمە

قەھرىمانلىق ۋە ئالىيجانابلىقنىڭ سىرى نېمىكىنە؟
قولىدىن ھېچقانداق ئىش كەلمەيدىغان ئىرادىسىز
ۋە نىشانسىز ئادەملەر بۇ دۇنيا ئۈچۈن ئارتۇقچە يۈك.
ئۇنداقلارنىڭ قىممەتلىك ھاياتى، ئۆزىگە تەقسىملەنگەن
ئازۇ-نېمەتنى خۇددى ئەخلەت ئازگىلىدىكى غازاڭدىنمۇ قە-
دىرسىز بولغاچقا، مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلالماي، مەزگىل-
سىز ۋە مەڭگۈ دەرەكسىز يوقىلىدۇ. تۆرۈلۈش، ياشىنىڭ
نېمىلىكىنى بىلگەن ئابدۇۋېلى ئىنساندەك كىشىلەردىن تۆ-
مەنمەڭگى دۇنيانىڭ يەلكىسىگە چىقىۋالسىمۇ، يەنىلا يەڭ-
گىللىك قىلىدۇ. چۈنكى ئۇ قىسقىغىنا ياشلىق ھاياتىنى
خەلق مەنپەئەتىگە بېغىشلاپ، ئۆزىنىڭ ساپ قېنى، پاك دى-
لى بىلەن پەزىلەت ۋە باتۇرلۇقنىڭ داستانىنى يېزىپ،
كېيىنكى ئەۋلادلار ئۈچۈن شانلىق نەمۇنە قالدۇرۇپ كەتتى.

## قورقماس بالا ئىدى...

«ئاتىنىڭ ئۆز پەرزەنتىدىن قانچىلىك زور ئۈمىد-
لەرنى كۈتىدىغانلىقىنى، ماڭا ئوخشاش ئاتا بولغۇچىلار

بىلسە كېرەك. ئاتا ـ ئانا ـــ ئۆز پەرزەنتىنى بەختلىك ۋە ساپدىل، ساداقەتمەن، ئىنسابلىق ئادەم قىلىشنى كۆزلەيدۇ. مېنىڭ ئوغلۇم پانىي دۇنياغا كۆز ئاچقان كۈندىن باشلاپلا، مەن ئۇنىڭدىن ئىنسانغا خاس ۋىجدان، يۈكسەك غايە، ئېسىل پەزىلەتلىك بولۇشىنى كۈتكەنىدىم. ئۈمىدىمنى سادىقلىق بىلەن بىجا كەلتۈرسە، دەپ دۇئا قىلاتتىم. ئۇنى جاسارەتلىك، دىيانەتلىك، ساپدىل، ياخشى ئادەم بولۇشقا ۋە ئادەمدەك ياشاشقا دەۋەت قىلاتتىم، ئوغلۇم كىچىكىدىنلا ئەنە شۇنداق قىلغان، كۈتكەن يېرىمدىن چىقالىدى: يېتىم ـ يېسىرلەرگە خەيرىخاھلىق قىلىشنى ئەۋزەل بىلەتتى. ياخشى ئادەملەرگە ئۇۋال قىلماسلىق، يامان ئادەملەرگە رەھىم ـ شەپقەت قىلماسلىق ئۇنىڭغا ئادەت ئىدى. ئۇ، تىرىشچان، باتۇر، قەتئىي، قورقماس بالا ئىدى...

ياش غۇنچە چەيلەنسە، ئەمگەك مېۋىسىنىڭ نابۇت بولغانلىقىدىن ئازابلانمايدىغان باغۋەن بولمىغىنىدەك، پەرزەنتى ھاياتلىقتىن مەھرۇم قالسا، يۈرىكى سىقىلمايدىغان، قايغۇ ـ ھەسرەت چەكمەيدىغان، نالە ـ پەرياد قىلمايدىغان ئاتا ـ ئانا يوق.

ئەمما، مېنىڭدەك ئوغلى بار ئاتىلار نېمىشقىمۇ يىغلىسۇن؟ مېنىڭچە يىغا ـــ بىھۇدە ھالاكەتكە يۈزلەنگەن بالىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا تەئەللۇق، دەپ ئويلايمەن. ئۇنداقلار پەرزەنتلىرىنى ياخشى تەربىيىلىمىگەنلىكى ئۈچۈن، پەرزەنتلىرىنىڭ قەدىرسىز ئۆلۈمىگە سىمابتەك ئېرىپ، ھەسرەت ـ نادامەت ئەيلەپ، پۇشايمان ئىلكىدە ئۆلگىچە يىغلىسىمۇ ئازلىق قىلىدۇ.

مېنىڭ ئوغلۇم ئەل ـ يۇرت ئارىسىدا نام قالدۇرۇپ،

چاشلىق باھارى ئارمانسىز تاماملاندى. شۇڭا مەن «يارايسەن، ئوغلۇم! يارايسەن ...!! دەپ ئۈنلۈك توۋلاپ، پەخىرلىنىشكە ھەقلىقمەن ...»

## «مەن ئۇنىڭ ۋارىسى»

«... ئىنىم ماڭا ئاجايىپ بىر نەمۇنە قالدۇردى. مەن ئۇنىڭ جەڭ مەيدانىدىكى مەردانىلىقىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرسەم، ھاياجانلىنىپ، ئۆزۈمنى بېسىۋالالماي قالىمەن، ئۇنىڭ ئوبرازى ماڭا كىنولاردا دۈشمەن بىلەن تىغمۇ تىغ ئېلىشقان قەھرىمانلارنىڭ شانلىق سىماسىنى ئەسلىتىدۇ. يارىلىنىپ، قانغا مىلىنىپ، ھاياتى خەۋپسىرىگەندىمۇ، ئۇنىڭ نەپرەتلىك كۆزلىرى خەنجەر بولۇپ، دۈشمەن كۆكسىگە قادالغانىدى. مەن ئۇنى ھاياشلاپ، چاتقاللارنى ئارىلاپ يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقاندىمۇ، ئۇ، پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ، يالقۇنلۇق ھېسسىيات ۋە ئارزۇ-ئارمانلىرى بىلەن ماڭا خىتاب قىلىپ، دۈشمەن بىلەن ئېلىشىشقا دەۋەت قىلغانىدى...

مەن يىغلايمەن، مەن يىغلاشقا ھەقلىق، چۈنكى ئىنىمنىڭ ئاشۇ چاغدىكى مەندىن كۈتكەن ئۈمىدىنى ئاقلىيالمىدىم. مەن ئۆزۈمنىڭ ئاشۇ ھالغا چۈشۈپ قالغىنىمغا نېمىشقىمۇ يىغلىماي؟!

ئۇ، مەردانىلىقى بىلەن ھەقىقىي قەھرىمان دېيىشكە مۇناسىپ ئىش قىلدى. مەن ئاتا-ئانام ۋە يۇرتداشلار

ئالدىدا دۈشمەنگە قارشى كۈرەشتە پەيداكارلىق كۆرسەتكەن، ئاشۇ ئىنىمىنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قالالمىغانلىقىمدىن ئۆزۈنىمەن، مەن ئىنىمىنىڭ ئىزىدىن بېسىپ، ئاخىرقى ئۆمرۈمگىچە ئۇنىڭغا ئوخشاش كۈرەش قىلىمەن...»

ھۆرمەتلىك كىتابخان: تۇرمۇشنىڭ رەھىمسىز كۈلپەتلىرى پەرزەنت ۋە قېرىنداشلىرىغا بالا - قازا ئېلىپ كەلگەندە، ماتەم - مۇسىبەتنىڭ ئورنىغا پەخىرلىنىشنى، ئۆزىنى تۇتالماسلىقنىڭ ئورنىغا تەمكىنلىكىنى ئالىيجانابلىق دەپ بىلىۋاتقان ئاتا - بالىنىڭ كىملىكىنى بىلگىڭىز كېلىۋاتقاندۇ؟

ناھىيە بازىرىدىن 32 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئاناكۆل يېزىسىغا قاراشلىق چۇشۇرگە كەنتىدىكى زەرەپشان دەرياسىنىڭ ئاخىرقى ئېقىنىدىن باش ئالغان ئۆستەڭنىڭ ئاۋازى، ئۇچار - قۇشلارنىڭ سايراشلىرى «بوستان جاڭگىلى»دا مۇڭ - ئەلەم سىمفونىيىسى پەيدا قىلغان بولسا، چۇشۇرگە كەنتىدىكى بېلىگە ئاق باغلىغان مويسىپىتلار، ياشلار، سەبىيلەرنىڭ چېھرىدىكى غەمكىنلىك، كۆز - چاناقلىرىدىن تۆكۈلۈۋاتقان ياش تامچىلىرى قايغۇ - مۇسىبەتتىن بېشارەت بېرىپ تۇراتتى.

بۇ — ئۇلارنىڭ زەبەردەس ئوغلى، 25 ياشلىق ئابدۇۋېلىدىن ئايرىلغانلىقىنىڭ ئىپادىسى ئىدى. ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلگەندىن كېيىنمۇ، ئۇلار ئابدۇۋېلىنىڭ مۇشۇ زېمىندا قالدۇرۇپ كەتكەن تەسىرلىك ئىش - پائالىيەتلىرىنى يادلاپ، بىرنەچچە ئايغىچە كۆز ياشلىرى قۇرىمىدى،

كىشىنىڭ يۈرەك تارىنى چېكىدىغان مۇڭلۇق يىغا ئاۋازى پەسەيمىدى. پۈتۈن كائىنات سۈكۈتتە تۇرۇپ ئۇنى ئەسلىمەكتە، ئېرىق - ئۆستەڭلەر غەزەپتىن چايقىلىماقتا.

## ئۆسۈپ - يېتىلىش

ئاتا - ئانىنىڭ توغرا تەربىيىسى — پەرزەنت ئۈچۈن بەھىساب بايلىق. تۈگۈمەس خەزىنە، دۇنيادا ئۆزىنىڭ ساپ ھېسسىياتى، خۇي - پەيلىنى ۋە ئەدەب - ئەخلاقىنى ئۆز پەرزەنتىگە يۇقتۇرمايدىغان ئاتا - ئانا يوق، پەرزەنت ئاتا - ئانىنىڭ ئۆزىگە بىر ئۆمۈر سىڭدۈرگەن ئەجرىنى قەدىرلەشكە قادىر بولالىسا، ئۇلارنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى تەربىيىسى، ئۆلۈم ئالدىدىكى ۋەسىيىتىنى قانداق ئادا قىلىشنى بىلىدۇ.

ئابدۇۋېلى ئىمىن 1961 - يىلى چۆشۈرگە كەنتىدىكى بىر دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلدى. ئۇنىڭ دادىسى ئىمىن غوجەك ئەل سۆيەر، دىيانەتلىك كىشى بولۇپ، بالىلىرىغا ھەردائىم: «ئەل سۆيگەننىڭ يۈزى ئوچۇق بولىدۇ، يۇرتداشلارغا خەيرىخاھلىق قىلىش، ئەلنىڭ ئامانلىقىنى قوغداش يولىدا پىداكارلىق كۆرسىتىش — ھەقىقىي ئوغۇل بالىنىڭ ئىشى...» دەيتتى. 1968 - يىلى باشلانغۇچ مەكتەپكە ئوقۇشقا كىرگەن ئابدۇۋېلى ئاتا - ئانىسىنىڭ نەسىھىتى، ئۇستازلارنىڭ تەربىيىسى ئارقىسىدا ساغلام ئۆسۈپ يېتىلدى، باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرۈپلا، كىچىك بولۇشىغا قارىماي، ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىگە قاتنىشىپ، كۈچ ۋە شىجائىتىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى. ئىمىن ئاكا داڭلىق ئىزچى بولغاچقا، 1952 - يىلىدىن بۇيان كەنتنىڭ ئامانلىق ساقلاش مۇدىرى بولۇپ، يامان ئادەملەرنىڭ جىنايى شۇملۇق-

لەرنى پاش قىلىشتا ئاز بولمىغان تۆھپىلەرنى ياراتقان، ئابدۇۋېلىنى ئۆزىنىڭ كۆزەتچىلىك، ئىز ئاختۇرۇش قاتارلىق ئىشلىرىغا ياردەملەشتۈرۈپ، بۇ «ھۈنەر» نى ئۇنىڭغا سىڭدۈرگەن. ئۇ، تۇرمۇش ئەمەلىيىتى داۋامىدا كىملەرگە ھېسداشلىق قىلىش ۋە كىملەرگە نەپرەتلىنىشتەك پەزىلەت ۋە گۈزەل ئەخلاقنى ئابدۇۋېلىنىڭ گۆدەك قەلبىگە سىڭدۈرگەن. شۇڭا، ئۇنىڭدا كىچىكىدىنلا گۇمانلىق ئادەملەرگە كۆز-قۇلاق بولۇش ئادىتى يېتىلگەنىدى. يامان ئادەملەر ئۇنىڭ بىر جۈپ كۆزىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايتتى.

1975 - يىلى ئۇ، ياشلار ئىتتىپاقىغا ئەزا بولۇپ كىرىپ، كەنت ئىتتىپاق ياچېيكىسىنىڭ ھەيئەت ئەزالىقىنى ئۈستىگە ئالدى. 1976 - يىلى تايانچى خەلق ئەسكىرى بولۇپ، بۇ سەپكە قېتىلدى. ئابدۇۋېلى شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۆز ۋەزىپىسىنىڭ ئېغىرلاشقانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئىدىيىدە ئىلغار، ئىشلەپچىقىرىشتا باشلامچى بولۇشقا قەتئىي ئىرادە تىكلىدى ۋە بېرىلىپ ئىشلىدى، ئىتتىپاق ئەزالىرى، تايانچى خەلق ئەسكەرلىرى، ياشلارغا قانۇن - تۈزۈمگە رىئايە قىلىش، ئەمگەك ئىنتىزامىغا ئاكلىق بويسۇنۇش، يامان ئادەملەرنىڭ بۇزغۇنچىلىقىدىن ساقلىنىش، ياخشى پائالىيەتلەرنى كەڭ قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا كۆپ قېتىم تەشۋىقات - تەربىيە ئېلىپ باردى. دېھقانلارنىڭ سۇ قۇرۇلۇش ئەمگىكىدىكى مەجبۇرىيىتى ئېغىرلاشقان چاغلاردا، ئۇ بۇ ۋەزىپىنى ئىتتىپاق ئەزالىرى، تايانچ خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ ئۈستىگە يۈكلىدى، 1977 - ۋە 1978 - يىللىرى كەنت ئىگىدارچىلىقىدىكى 300 تۇياق مالنى بېقىشنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۈستىگە ئېلىپ،

كۆزقارىچۇقىدەك ئاسراپ باقتى، 300 تۇياق تۇغۇش يېشى-
دىكى مالدىن 376 تۇل ئېلىپ، سەككىز تۇياق مال بىلەن
مۇكاپاتلاندى.

1976 - يىلىدىن 1978 - يىلىغىچە ھەر يىلى كۈز پەس-
لىدە ياۋا توڭگۇزلارنىڭ پىشاي دەپ قالغان قوناقلارغا
سېلىۋاتقان زىيان - زەخمىتىنىڭ ئېغىر بولۇۋاتقانلىقىنى
كۆرگەن ئابدۇۋېلى كەنتتە ئوۋچىلار ئەترىتى تەشكىللەپ، ئۆ-
زى مەرگەنلىكىنى ئۈستىگە ئېلىپ، سەككىز ياۋا توڭگۇزنى
ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ، زىياننىڭ ئالدىنى ئالدى. 1983 - يىلى
1- ئاينىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدىكى قىشلىق سۇغىرىشنىڭ
ئالدىراش پەيتىدە كەنتكە سۇ باشلاش ئۈچۈن، دېھقانلار
مىڭدىن ئارتۇق ئىش كۈنى سەرپ قىلىپ، چوڭ ئۆستەڭگە
توما سالغان بولسىمۇ، ئىككى كۈندىن كېيىنلا، بۇ ئىككى
تومىنىڭ ئاستىدىن سۇ تېشىپ كېتىپ، خەتەرلىك ئەھۋال
تۇغۇلدى. ئابدۇۋېلى ياشلار ۋە ئىتتىپاق ئەزالىرىغا، خەلق
ئەسكەرلىرىگە باشلامچى بولۇپ، نەق مەيدانغا باردى، سۇ
چىقىۋاتقان يوچۇق سۇ يۈزىدىن ئىككى يېرىم مېتىر چوڭ-
قۇرلۇقتا بولۇپ، قىرغاقتا تۇرۇپ يار ئېغىزىنى ئېتىۋېلىش-
قا بولمايتتى، سۆڭەكتىن ئۆتىدىغان قاتتىق سوغۇقتا كىممۇ
سۇغا كىرىشكە جۈرئەت قىلالىسۇن!؟ قىرغاقتا تۇرغان ئىمىن
ئاكىنىڭ ئابدۇۋېلىگە مەنىلىك تاشلىغان كۆزى شۇ تاپ-
تىكى قەھرىتان قىشنىڭ جۇدۇنىنى قايا قىلارغىدۇر سۈرۈۋەت-
كەندەك بولدى- دە، قەتئىي جاسارەتكە تولدى. ئۇ، پاخ-
تىلىق كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ، سۇ ئۆتۈپ تۇرغان يوچۇق
ئۇدۇلىدىكى مۇز پارچىلىرى لەيلەپ تۇرغان كاچكۇلدىن
سۇ ئاستىغا شۇڭغىدى. گاھ چۆكۈپ، گاھ لەيلەپ، يېرىم

سائەتتەك سۇ ئىچىدە تۇرۇپ، قۇم قاچىلانغان تاغارلارنى يار يوچۇقىغا بېسىپ، ئۇقتىسىنى ئۈزۈپ قاچقان تۇسۇن ئاتتەك ئوخچۇپ ئېقىۋاتقان سۇنى توختىتىۋالدى. ئۇ، سۇ-دىن قىرغاققا چىققاندا، پۈتۈن بەدەنلىرى كۆكەرگەن، چىشلىرى كارسىلداپ كەتكەنىدى.

يېزىلاردا ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تارقاقلىشىپ، ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىگە تەشكىللەش، يېتەكلەش قولايسىز بولۇۋاتقان شارائىت ئاستىدا، ئۇ ئۆيمۇ-ئۆي يۈرۈپ ياش-لارنى ھالال مېھنەت بىلەن بېيىشقا يېتەكلىدى، كوللېكتىپ-تىن كۆتۈرە ئالغان 22 مو يەرگە ئەر-خوتۇن تۈجۈپىلەپ ئىشلەپ، ئاتا-ئانىسى بىلەن ئىقتىسادىي كىرىمى بىر بولغان بەش نوپۇسلۇق بۇ ئائىلىنى ئوبدان باشقۇردى. ئۈچ يىلدا 25 مىڭ جىڭ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىپ، دۆلەتكە خېلى كۆپ مىقداردا غەللە-پاراق تاپشۇردى ۋە سېتىپ بەردى. ئالتە مىڭ يۈەنگە كېۋەز سېتىپ، ئېشىنغان پۇلنىڭ بىر قىسمىغا 70 تۇياق قوي-ئۆچكە سېتىۋېلىپ، ئۈچ يىل-دىلا چوڭ-كىچىك چارۋىسىنى 135 تۇياققا يەتكۈزدى.

## خەيرىخاھلىق

ئاق كۆڭۈل كىشىلەرنىڭ قارنى-كۆكسى كەڭ بولغاچ-قا، ئۇلار سەمىمىي، مېھرىبان، كۆيۈمچان ۋە كىچىك پېئىل كېلىدۇ، ئابدۇۋېلىنىڭ ۋۇجۇدىغا مۇشۇ خىل خىسلەت سىڭىپ كەتكەنىدى.

1983-يىلدىن بۇيان، ئۇ، چۇشۇرگە كەنتىدىكى «بەش-تە كاپالەتلەندۈرۈلگۈچى» لەردىن ئىدرىس ئىسكەمبەردىگە

ئۈچ ھارۋا ئوتۇن، 15 يۈەنلىك گۆش ئېلىپ بېرىپ، ئۇن نەچچە قېتىم ھال سورىدى، ئەمما بوۋاي روزى سېپىتقا بىر كىلوگرام قوي يېغى ئەپكېلىپ بەردى ۋە بىر دوڭغاڭلى كوڭلەكنى ئۇنىڭ ئايالىغا كەيگۈزۈپ قويدى. «قىيىنچىلىقى بار ئائىلە» لەردىن سوپىيە خانىغا ۋە ئېلى سوپىغا ئىككى پاختىلىق چاپىنىنى، ئەمەت تۇردىغا 22 يۈەنلىك بىر دانە قولاقچىنى كېيگۈزۈپ قويدى، پەيزاۋات ناھىيىسىنىڭ قارا يۇلغۇن يېزىسىدىن كېلىپ قالغان ئىگە ـ چاقىسىز ئىسمايىل قادىر 1984 ـ يىلى 12 ـ ئايدا قىشلىق تۇرمۇشنى ئورۇنلاشتۇرالماي قىيىنچىلىققا يولۇققاندا، بىر پاختىلىق چاپان، بىر ئۆتۈك، بىر يوتقان، 40 جىڭ بۇغداي،18 يۈەن نەق پۇل ياردەم قىلىپ، ئۇنى خۇرسەن قىلدى. دۆكمەھەللە كەنتىدىكى قادىر داۋۇت مېيىپ بولغاچقا، ئۇنىڭ بېقىشقا قۇربى يەتمەي قېلىۋاتقان 30 تۇياق مېلىنى يېرىم يىل ھەقسىز بېقىپ بەردى.

1984 ـ يىلى پەيزاۋاتتىن مارالبېشى ناھىيىسىگە تۇغقان يوقلاپ كەلگەن موماي ئايىمخان ئىككى كىچىك بالىسى بىلەن ئائىلىسىگە قايتىپ كېتىۋېتىپ چۈشۈرگە كەنتىنىڭ ئايىغىدىكى جاڭگاللىنى كېسىپ ئۆتىدىغان چوڭ ئۆستەڭ كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، ئېھتىياتسىزلىقتىن ھارۋىسى ئۆستەڭگە كۆمتۈرۈلۈپ كېتىپ، ئۈچ كىشىنىڭ ھاياتى خەۋپ ئىچىدە قالغانىدى، ۋەقە يۈز بەرگەن جايغا يېقىنلا يەردە مال بېقىۋاتقان ئابدۇۋېلى ئۇلارنىڭ ۋەھىمىلىك ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ بېرىپ، ئۆستەڭگە سەكرەپ ھارۋا ئاستىدىن ئۇلارنى تارتىپ قۇتقۇزۇۋالدى ۋە بۇزۇلغان ھارۋىسىنى ئوڭشاپ يولغا سېلىپ قويدى. 1985 ـ يىلى

6- ئايدا قومبوغۇز كەنتىدىكى قادىر كۆنچىنىڭ ئۈچ قويى يوقاپ كېتىپ، ئابدۇۋېلىنىڭ مېلىغا ئارىلىشىپ قالغاندا، ئۇ، يەتتە كۈن ئىزدەپ قويىنىڭ ئىگىسىنى تېپىپ تاپشۇرۇپ بەردى ۋە قادىر ئاكىنىڭ سۆيۈنچى بەرگەن بىر مېلىنى رەت قىلدى. 1985- يىلى قاراقىلچىن ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانى ئىگىدارچىلىقىدىكى مالدىن بىر ئۆچكە يوقاپ كەتكەندە، ئۇ، ئىزدەشكە ياردەملىشىپ، ئۇنى ئون كۈندىن كېيىن تېپىپ، ئىگىسىگە قايتۇردى.

## ئۆچمەنلىك

چوشۇرگەكەنتىنىڭ تۆت ئەتراپىدا باراقسان ئۆسكەن توغراقلىقلار، ئىگىز - پەس دۆڭلەر، جىلغىلار بار، بۇ يەردىن 20 نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتا قاراقىلچىن ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانى بولۇپ، يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بۇيان قاچقۇن جىنايەتچىلەرنىڭ سانى كۆپىيىۋاتاتتى. بۇ يەرنىڭ تەبىئىي ئەۋزەللىكلىرى قاچقۇن جىنايەتچىلەرنىڭ يوشۇرۇنۇپ ھەرىكەت قىلىشىغا قولايلىق بولغاچقا، بۇ يەردىكى دېھقانلارنىڭ ھاياتى، مال - مۈلكى ۋە بىخەتەرلىكىگە ئېغىر بالايىئاپەتلەرنى كەلتۈرمەكتە ئىدى. 1984- يىلى يازدا قاراقىلچىن ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىدىن قاچقان بىر تۈركۈم جىنايەتچىلەر سەككىز نەپەر بىگۇناھ دېھقاننى پاجىئەلىك ھالدا ئۆلتۈرۈۋەتتى. بۇ ئاقىۋەت ئابدۇۋېلىنىڭ يۈرىكىدە ئېغىر جاراھەت ئىزلىرىنى قالدۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ بىر جۈپ كۆزى تېخىمۇ روشەنلەشتى.

1985 - يىلى 6 - ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى، كەچتىن
ئون نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى «بوستان جاڭگىلى» دا
مال بېقىۋاتقان ئابدۇۋېلىگە جىنايەتچى كىيىمىنى كېيگەن
بىر يوچۇن ئادەم ئۇچراپ، ئالاقزادىلىك بىلەن ئارقىسىغا
يېنىپ بەدەر قاچتى. جىنايەتچى ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم چى-
قارغان ئابدۇۋېلى مال قوتىنىنى ساقلايدىغان ئىتىنى قويۇ-
ۋېتىپ، يوچۇن ئادەمنى ئىتقا تالىتىۋەتتى. ھودۇقۇش، تەش-
ۋىش ئىچىدە پۇت - قولى ماغدۇرسىزلانغان ۋە ئۆلۈك تۈس-
كە كىرىپ قالغان بۇ جىنايەتچى قارا قىلچىن ئەمگەك بىلەن
ئۆزگەرتىش مەيدانىدىن قاچقانلىقىنى ئىقرار قىلدى. ئاب-
دۇۋېلى ئۇنى مەيدان رەھبەرلىكىگە تاپشۇرۇپ بېرىپ تەق-
دىرلەندى. بۇ ئىش يۈز بېرىپ ئون نەچچە كۈن ئۆتكەن-
دىن كېيىن ئۇ، «بوستان جاڭگىلى» دا مال بېقىۋاتقاندا،
دەريانى بويلاپ كېتىۋاتقان قارا كىيىملىك بىر ئادەمگە
كۆزى چۈشتى ۋە قوغلاپ بېرىپ كىملىكىنى سورۇشتۇردى.
ئۇ: «ئۆزگەرتىش مەيدانىنىڭ يوقاپ كەتكەن بىر كالى-
سىنى ئىزدەپ كەلدىم...» دېدى، ئابدۇۋېلى ئىنتايىن زې-
رەكلىك بىلەن «كالاڭنى مەن تېپىۋېلىپ، سولاپ قويدۇم،
قايتۇرۇپ كەت!...» دېدى ئۇنى سىناپ. قوتانغا بارا-بار-
ما يالا تورغا چۈشىدىغانلىقىنى پەملىگەن بۇ ھىلىگەر جىنا-
يەتچى قۇيرۇقىنى تىكىۋەتتى، ئابدۇۋېلى ئىتىنى قويۇۋېتىپ،
يېقىن ئەتراپتا مال بېقىۋاتقان ئىككى نەپەر ئۆسمۈرنى
ياردەملەشتۇرۇپ، ئۇنى تۇتۇپ، مەيدان رەھبەرلىكىگە تاپ-
شۇرۇپ بەردى. ئۇ بۇنىڭدىن ئىلگىرىمۇ، قاچقان جىنايەت-
چىلەردىن بىر نەچچىسىنى تۇتۇپ خېلىلا كۆزگە كۆرۈنگەنىدى.

## جاراڭلىق بۇيرۇق

1985- يىلى 7- ئاينىڭ 27- كۈنى كەچتە، ئابدۇۋېلى «بوستان جاڭگىلى» دا مال بېقىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئاكىسى ئابلىزمۇ بۇ يەردە كەنت ئۆستەڭىنىڭ يۇقىرىسىغا سېلىنغان تومۇرنى مۇھاپىزەت قىلىۋاتاتتى. ئۇلار بىرلىكتە ئارام ئېلىۋاتقاندا «بېيجىڭ» ماركىلىق بىر جىپ ئەتراپنى چارلاپ، جاڭگالنى كۆزەت قىلىپ كېتىپ قالدى. بۇ ئىشتىن ھەيران بولغان ئاكا - ئۇكا ئىككەيلەن بۇ يەردە مال بېقىۋاتقان قاراقىلچىن ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىنىڭ ئىشچىسى موللاق ئىمىندىن شۇ كۈنى بەش نەپەر جىنايەتچىنىڭ ئۆزگەرتىش مەيدانىدىن قاچقانلىقىنى بىلدى.

— بۇ قاچقۇنلارنى تورغا چۈشۈرۈپ، ئەدەپىنى بېرىش كېرەك، - دېدى ئابدۇۋېلى غەزەپتىن تاشقان ھالدا.

غەزەپتىن شەرقىي شىمالغا قاراپ سوزۇلغان شەھەر ئۆستىڭى — «بوستان جاڭگىلى» نى كېسىپ ئۆتۈپ، قاراقىلچىن ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىنى چۈشۈرگە كەنتىدىن ئايرىپ تۇراتتى. قاچقان جىنايەتچىلەر مارالبېشى ئارقىلىق چوڭ شەھەرلەر، ھەتتا ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە قېچىش غەرىزىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، چۈشۈرگە كەنتى ئارقىلىق چوڭ يولغا چىقىشقا، چۈشۈرگە كەنتىگە چىقىش ئۈچۈن يەنىلا مۇشۇ يېقىن ئەتراپتىكى كېچىكتىن ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. شۇڭا ئابدۇۋېلىلار شۇ مىنۇتتىن ئېتىبارەن ئۆزگەرتىش مەيدانى بىلەن چۈشۈرگە كەنتى ئارىلىقىدىكى چۆللۈكنى ۋە كېچىكنى ماھىرلىق بىلەن كۆزىتىشكە باشلىدى...

ئەتىسى ئۇپۇق تۈن پەردىسىنى يىرتىپ، يەر-
زېمىننى گىرىمسەن يورۇتۇشقا باشلىدى. ئابدۇۋېلىنىڭ ئۇيـ-
قۇ قاچقان كۆزلىرى تېخىچە شەرقتىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان چول-
پان بىلەن بەسلەشكەندەك، يىراق - يىراقلارنى كۆزەتمەك-
تە ئىدى. تاڭ سەھەرنىڭ سالقىنى ۋە مەيىن شامال ئۇنىڭ
يۈزىنى سىيپاپ ئەركىلەتمەكتە. تاڭ شەپىقىنىڭ قىزغۇچ نۇ-
رى بىلەن جۇلالىنىپ كەتكەن بىپايان جاڭگاللىدىكى يىراق-
يىراقلاردا غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇرغان دەل - دەرەخلەر، ئۇچار
قۇشلار، ھەتتا زېمىن ئۈستىدىكى پۈتۈن مەۋجۇدات ئابدۇ-
ۋېلىغا تەھسىن - ئاپىرىن ئېيتىپ، ئۇنىڭغا غايىبانە مە-
دەت بەرگەندەك قىلاتتى. سائەتنىڭ سىترېلكىسى تۆتنى
كۆرسىتىپ تۇرغىنىغا كۆزى چۈشكەن ئابدۇۋېلى ئاكىسىنى
ئويغىتىش ئۈچۈن دالىدىن پەسكە قەدەم بېسىشى بىلەن
تەڭ، ئۆزىدىن ئانچە يىراق بولمىغان جايدىكى ئادەم
يوق كونا مال قوتىنىدىن سىرتقا تاشلانغان بىر كېلەڭسىز
گەۋدە ئۇنىڭ كۆزىگە چېلىقتى. شۇ تاپتا ئۆستەڭنىڭ ياقى-
سىدىكى دالىدا باغجاللاپ ئۆسكەن بىر تۈپ يۇلغۇننىڭ
دالدىسىغا مۆكۈۋالغان بىر يوچۇن ئادەممۇ قوتاندىن قاچقان
سەپەردىشى تەرەپكە قاراپ يول ئالغانىدى.

— كىم سەن! توختا!

— ... ...

— نەگە بارىسەن؟! قىمىرلاشما!

ئابدۇۋېلىنىڭ بۇيرۇق ئاھاڭىدىكى جاراڭلىق ئاۋا-
زى دەريانىڭ شاۋقۇنىغا قوشۇلۇپ دالىنى زىلزىلىگە كەل-
تۈرۈۋەتكەندەك بولدى، ئۇچار قۇشلارمۇ جانلىنىپ كەتتى،
ئۇنىڭ ئاۋازى بىلەن شېرىن ئۇيقۇدىن مەڭدەپ ئويغانغان

ئابلىزخۇ ھەق مەيدانىدا پەيدا بولدى. ئىككى مەلئۇننىڭ ئەپتى - بەشىرىسى زەئىپلىشىپ، ئاللىقاندىق بىر خىل يىرگىنىشلىك تۇسكە كىردى ۋە چىرايلىرى تامەدەك تاتى- رىپ، گەۋدىسى ئىختىيارسىز لاغىلداپ تىترەشكە باشلىدى.

— نېمە ئادەملەرسەن؟

— ئۆزگەرتىش مەيدانىنىڭ مېلىنى باقىدىغان پادى- چىلار بىز، - دېدى ئۇلار كېلىنغا بىر نەرسە كەپلىشىپ قال- غاندەك ئاران زۇۋانغا كېلىپ ئارىلاشما تىل بىلەن.

ئابدۇۋېلى ئىنتايىن ھوشيارلىق بىلەن ئۇلارنىڭ تۇ- رىقىغا كۆز يۈگەرتتى ۋە جىنايەتچى كىيىمىنىڭ ئۈستىگە يېقان پاسۇنىدىكى چاپان كىيىۋالغان بۇ ئىككى يوچۇن ئا- دەمنىڭ مال باققۇچىلار ئەمەسلىكىنى جەزملەشتۈرۈپ ۋۇ- جۇدى ئوت بولۇپ ياندى ۋە:

— يالغان! مېڭىش! -دېدى-دە، ئاكىسى بىلەن بىرلىكتە ئۇلارنى ئۆزگەرتىش مەيدانى تەرەپكە يالاپ ئېلىپ ماڭدى.

## جان تىكىپ ئېلىشىش

مۇۋەپپەقىيەت بىلەن مەغلۇبىيەت قوشكېزەك بولى- دۇ. مانا بۇ-ئىككى خىل قانۇنىيەت ۋە قارىمۇقارشى ئىككى خىل كۈچ ئوتتۇرىسىدا كەسكىن توقۇنۇش ھاسىل قىلىنغانىدى. ئۇلار بىر كىلومېترچە يول يۈرگەندىن كېيىن ھېلىگەرلىك بىلەن ئىشارەت قىلىۋېلىشقان ھېلىقى ئىككى مەككار تۇيۇقسىز ئار- قىسىغا تەكلا ئۆرۈلۈپ، ئاكا - ئۇكا ئىككىيلەنگە چىل بۆ- رىلەردەك ئېتىلدى، چاڭ سالدى، جىنايەتچى جاڭ ياۋچى ئابدۇۋېلى ئىمىن بىلەن، چىن يوڭچى ئابلىز ئىمىن بىلەن گىرەلىشىپ كەتتى. چىن يوڭچى ئابلىز ئىمىننىڭ قولىدى-

نكى كەتمەننى باركۆچى بىلەن تارتىۋالماقچى بولغان بول-
سىمۇ، ئابلىز كۆج - قۇۋۋىتىنى بىلىكىگە يىغىپ، قەھرى -
غەزىپى بىلەن كەتمەننى ئۇنىڭدىن تارتىۋېلىپ، ئۆستەڭگە
چۆرىۋېتىپ، قۇرۇق قول ئېلىشتى. ئابدۇۋېلىمۇ ئۆزىدىن
تەمبەل، گۆشلۈك ئۇستىخىنىغا ئىشەنچ ۋە تەمەننا قويۇپ
خىرىس قىلىۋاتقان جاڭ بىلەن ئېلىشىپ، ئاخىرى بۇركۈت
قۇشقاچنى قاماللىغاندەك ئۇنى ئاستىغا بېسىۋالدى. ھال-
سىراشلاردىن پەيدا بولغان ئارامسىز ئاۋاز شەپىسى جىم-
جىتلىقنى بۇزۇپ، بۇ چۆلدە ۋەھىمە پەيدا قىلغانىدى.
ئۇلار شۇ تەرىقىدە يېرىم سائەتتىن كۆپرەك ئېلىشتى...

— ئاكا، — دەيتتى ئابدۇۋېلى جىنايەتچىنى ئاستىغا بېسىۋېلىپ پات - پاتلا، — ئۇنىڭغا كۈچۈك يېتىۋاتامدۇ؟ بۇ ئەبلەخلەرنى ھەرگىزمۇ قاچۇرمايلى! كەمىرىمىز بىلەن باغلىۋالايلى!...

قەھرىمانلار دۈشمەننىڭ تىغى ئاستىدا سىنىلىدۇ، ئەجەل شەپىسى يېقىنلاشقاندا ئۆلۈمگە پىسەنت قىلماي، رەقىب بىلەن ئېلىشقانلار قەھرىمان ھېسابلىنىدۇ. ئۇنداقلار ۋەتەن، خەلق ئىچىدە ماختىنىشقا ھەقلىق. مانا بۇ يەكۈن ھازىر ئابلىز بىلەن ئابدۇۋېلىنى ۋىجدانىنىڭ تارازىسىدا جىڭلاۋاتاتتى. گاھ ئۈستىدىكىسى ئاستىغا، گاھ ئاستىدىكىسى ئۈستىگە چىقاتتى. مانا شۇنداق گىرەلىشىش، يۇمىدا قىلىشىشلار بىردەم داۋاملاشتى. ئابدۇۋېلى ئاستىغا بېسىۋالغان جاڭنىڭ كېكىردىكىدىن بوغۇپ ھالسىزلاندۇرۇۋاتاتتى، مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمىگەن جاڭمۇ پۈتۈن كۈچى بىلەن تىركىشىۋاتاتتى. مۇشۇ ھالقىلىق پەيتتە جاڭنىڭ بېشىغا ئويلىمىغان يەردىن بىر بەخت قۇشى قونغان-

دەك ئۆزىنى ئويلىمىغان يەردىن قولىغا پىچاق چىقىپ
قالدى، دەقىقە ئۆتمەيلا ئابدۇۋېلىنىڭ سول مۈرىسىدىكى
تاغاق ئاستىغا چۈشكەن پىچاقنىڭ ئازابى ئۇنى ماغدۇرسىز-
لاندۇرۇشقا باشلىدى، كۆكرىكىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى قوۋۇر-
غا ئاستىغا زەرپ بىلەن ئىككىنچى قېتىم ئۇرۇلغان پىچاق
ئىككى تەرەپكە قايرىپ سۇغۇرۇۋېلىنغانىدا، ئابدۇۋېلىنىڭ
ئۆتكۈر تىرناقلىرى ئۆزىنى سەزمىگەن ھالدا جاڭ ياۋچە-
نىڭ كارنىيىدىن ئاجراپ كەتتى.

بىر جۈپ ئىبلىس قولى ئابدۇۋېلىنىڭ پاك قېنىدا
بويالغان، ئوغرى كۆزلىرى قانغا تولغان، تېخىمۇ ئەسە-
بىيلەشكەن جاڭ ئابلىزغا ئېتىلدى ... ئابلىز ئۆزى بىلەن
ھاياتلىق تالىشىۋاتقان ئاستىدىكى سۇنايلىنىپ ياتقان رە-
قىبىدىن ئاجراپ، گەجگىسىگە چۈشۈۋاتقان پىچاقتىن ئۆ-
زىنى چەتكە ئالدى. ئۇلارنىڭ قولىدىن بىر مەھەل قۇتۇ-
لۇشقا كۆزى يەتكەن بۇ خۇن ئىگىلىرى ئۆستەڭنىڭ كېچىكى
تەرەپكە قاراپ قېچىشتى...

## ئۆلۈم ئالدىدا...

— ئېسىت!...

بۇ — خېلىدىن كېيىن ھوشىغا كېلىپ، سول يېنىدىكى
قۇرۇقدالغان پىچاقسىز غىلىپى قولىغا ئۇرۇلغان ئابدۇۋېلى-
نىڭ ئۆمرىدىكى تۇنجى پۇشايمىنى ئىدى. ئۇنىڭ غەزەپتىن
چاقنىغان يېرىم ئوچۇق كۆزلىرى دەريا قىرغىقىغا يېقىن-
لاشقان ئىككى ناپاك گەۋدىنى غۇۋا كۆرۈۋاتاتتى.

— ئاكا ... ئا ... كا ...! جىنايەتچى قاچتى. تېز بو-
لە ... ئۇلارنى قوغلايلى!

ئۇ شۇنداق دېدى ـ يۇ، دەرمانسىزلانغان قوللىرىنى تىرەپ، ئۆمىلەپ مېڭىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئايىغىغا چېـ چىلغان قىپقىزىل قان ـــ تۇپراقتا قالدۇرۇپ كېتىۋاتقان ئىزنى چايقىماقتا ئىدى. ئابلىز شۇ چاغدىلا، ئىنىسىنىڭ ئۆز پىچىقىدا زەخىملەنگەنلىكىنى بىلدى.

شۇ ئەسنادا ئابدۇۋېلى ھوشىدىن كەتتى، ئابلىز ھوشـ سىز ياتقان ئىنىسىنى ھاپاشلاپ، قاراقىلچىن ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىنىڭ دوختۇرخانىسى تەرەپكە قاراپ يول ئالدى، ئابدۇۋېلى ھوشىغا كېلىپ، ئۆزىنى ئاكىسىنىڭ ھاپاشلاپ، ئاللىقا ياقلارغا ئېلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزدى.

ـــ ئاكا! ئا... كا...! مېنىڭ بىلەن كارىڭ بولـ مىسۇن! جىنايەتچى... جىنا... يەتچى قېچىپ...

ئەمدى ئۇ، پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ، جىنايەتچىنى كۆـ زەتمەكتە ئىدى... ئارقىسىغا قاراپ نېمىلەرنىدۇر پىچىرـ لىماقتا، چىرايى دەم تۇتۇلۇپ، دەم كۈلكە تەبەسسۇمى بىلەن زىننەتلەنمەكتە...

ـــ ئاكا...! ئا...كا...! جېنىم... ئاكا... مەن بولالمىدىم... رەھبەر... لىككە... تېز... خەۋەر...، ـ ئۇ ھوشىدىن كېتىپ يەنە ھوـ شىغا كەلدى.

ـــ توختا! مېنى نەگە... ئېلىپ كېتىۋاتىسەن؟! جىناـ يەتچى... قېنى؟! جىنايەتچى... قېچىپ... كەتسە بىزگە ئۇيات قۇ؟! توختا! توختا!! توختا!!! جىنايەتچى... جىنا... يەتچى...

ئابلىز ئۇنى بىر كىلومېترچە يىراقلىققا ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، ئارقا ـ ئارقىدىن قىلىنىۋاتقان بۇيرۇق، خىتاب ئۇنىڭ قەدىمىنى ئىختىيارسىز ھەرىكەتتىن توختاتتى. ئابـ لىز ئىنىسىنى بىر دۆڭ باغرىغا ياتقۇزدى. ئابدۇۋېلىنىڭ

كۆكرىكىدىكى تۆشۈكچىدىن — پىچاق تىقىلغان جايدىن ئېقىۋاتقان قان قۇم ئۈستىگە سىرغىپ چۈشمەكتە ئىدى. ئابدۇۋېلىنىڭ قولى قاچقان جىنايەتچىلەر تەرەپكە ئۇزۇتۇلغان بولسىمۇ، لەۋلىرى توختاۋسىز مىدىرلايتتى. مانا ئەمدى ئۇنىڭ كۆز قارىچۇقى تارتىلىپ قالايلا دېگەن ئىدى. ئابلىز مەيدان تەرەپكە قاراپ ئىلگىرىلىمەكتە، ئۇنىڭ جان ھەلقۇمى ئىچىدە ئازابلىنىۋاتقان ئىنىسى ھاياتمىدۇ؟

— نېمىلا بولمىسۇن، جىنايەتچىنىڭ قاچقانلىقىدىن مەيدان رەھبەرلىكىنى خەۋەرلەندۈرۈش كېرەك، — ئۇ شۇنداق ئويلىدى ۋە بۇ ئىشنى ئورۇنلىدى.

ئېگىز - پەس دۆڭلەردىن ھالقىپ ئۆتۈۋاتقان جىپ ماشىنا خۇددى بۇلۇتسىز كۆكتە ئۈزۈۋاتقان قالغاچتەك شۇڭغۇپ كەلمەكتە، ماشىنا ئابدۇۋېلى ياتقۇزۇلغان دۆڭ باغرىدا توختىغاندا، ئۇنىڭ قاغجىراپ كەتكەن لەۋلىرى بىلىنەر-بىلىنمەس مىدىرلايتتى. قۇياشىنىڭ قىزغۇچ نۇرى ئابدۇۋېلىنىڭ پاك - غۇبارسىز جىسمىغا يورۇقلۇق تۆكمەكتە ئىدى.

ئىككى نەپەر ساقچى قاچقان جىنايەتچىلەرنى قوغلاپ تۇتۇش جېڭىگە ئاتلاندى. جىپ ئابدۇۋېلىنى دوختۇرخانا تەرەپكە ئېلىپ ماڭدى، جىپ ئىلگىرىلىمەكتە. 500 مېتر، 1000 مېتر، 2000 مېتر... ئابدۇۋېلى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم كۆزىنى ئاچتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئېگىز كۆتەرگەن قولى ئالدى تەرەپكە ئۇزۇتۇلغان، يوغان ئېچىلغان كۆزلىرىدە ئۇمىد، ئىشەنچ، ئارزۇ - ئارمانىنىڭ ئىستىكى چاقنىغان ئىدى. ئۇنىڭ كۆز ئەينىكىدە قېچىپ كېتىۋاتقان جىنايەتچىلەرنى قوغلاپ

كېتىۋاتقان ساقچىلار، نەچچە مىڭ كىشىلىك ھەيۋەتلىك قوشۇن، يالاپ ئېلىپ كېتىلىۋاتقان جىنايەتچىلەر سۈرەتكە تارتىلغاندا، چېھرىدە غەلىبە تەبەسسۇمى جىلۋىلەندى-دە، ئۇزاتقان قوللىرى ئىختىيارسىز ھەرىكەتتىن توختاپ، ئوقيادەك كىرپىكلىرى ئاستا - ئاستا جۇپلەشتى...

## قاچقۇننىڭ تورغا چۈشۈشى

قاراقىلچىن ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىدىكى قاراۋۇلخانىدا پوست ئالماشقاندا، لۈكچەكلىك، باسقۇنچىلىق جىنايىتى بىلەن 15 يىللىقتىن قاماق جازاسى بېرىلگەن جاڭ بىلەن چىن قېچىپ چىققانىدى، ئۇلارنىڭ«بوستان جاڭگىلى» دا ئادەم ئۆلتۈرگەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەر كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە چاقماق تېزلىكىدە كىشىلەر ئارىسىغا تارقالدى. ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى بىر تۈركۈم كادىر - ساقچىلارنى قاچقان جىنايەتچىلەرنى تۇتۇشقا تەشكىللەپ جەڭگە ئاتلاندى، بۇ پەيتتە قاراقىلچىن مەيدانىدىن بۇ جەڭگە ئاتلانغان كادىر - ساقچىلارمۇ جىددىي ھەرىكەت ئېلىپ بېرىۋاتاتتى. ئىككى تەرەپنىڭ تەڭ ھەرىكەتكە كېلىشى نەتىجىسىدە، مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ ئاقساقمارال يېزىسى بىلەن پەيزاۋات ناھىيىسىنى ئايرىپ تۇرىدىغان بوڭكۆلنىڭ باغرىدا ئىككى تەرەپتىن تەڭ ئېتىلغان بەلگۈ ئوقى بولۇت قەھرىگە ئۆرلىگەندە، جىنايەتچىلەر قايياققا قېچىشىنى بىلەلمەي، سۇغا چۈشكەن چاشقاندەك تىپىرلاپ كېتىشتى.

## ئۆلمەس شەرەپ

مارالبېشى ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ ئابدۇۋېلى ئىمىن-دىن ئۆگىنىش قەسەمىيات چوڭ يىغىنى ئاچىدىغانلىقىدىن ھەممە ئورۇن، ھەممە ئادەم خەۋەر تاپتى. قەھرىمانغا ئا-تاپ ئالاھىدە تەييارلانغان گۈل-چەمبىرەكلەر، ئاپئاق گۈل دەستىلىرىنى كۆتەرگەن، قەدەملىرىنى ئېغىر - ئېغىر يۆت-كەپ كېلىۋاتقان، كۆزى ياشلانغان چېھرى سولغۇن كىشى-لەر توپى ھەيۋەتلىك دولقۇن ياساۋاتقان دەريا سۈيىدەك «غالىبىيەت كىنوخانىسى» غا قاراپ ئاقماقتا.

سەھنىدىن ئورۇن ئالغانلار ئۆزلىرىنى كۆكتە- بېھې-ساب يۇلتۇزلار ئارىسىدا تۇرغاندەك ھېس قىلىشاتتى.

— يولداشلار! دوستلار! ھەر مىللەت ئوغۇل-قىزلىرى، مەن ناھىيىلىك پارتكوم نامىدىن سىلەرگە ئېھتىرام بىل-دۈرىمەن. بىزنىڭ بۇ يەرگە يىغىلىشىمىز تولىمۇ ئەھ-مىيەتلىك...

ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى ئىبراھىم باقىنىڭ سۆزىگە ئۇلاپلا، زالدا كۆتۈرۈلگەن گۈلدۈرمامىدەك ھەيۋەتلىك ئالقىش سادالىرى ئۇزۇنغىچە ياڭرىدى.

— بايلىق، ئالتۇن-كۈمۈش، ئاشلىق مۇشۇ زېمىندىن چىقىدۇ. ئاشۇ زېمىننىڭ قىممىتى — ياش ئەۋلادلىرىمىزنىڭ قولىدا، ھالال ئەمگەك، جاپالىق مېھنەت ۋە كۈرەشنىڭ بەدىلىدە، بۇ زېمىنغا كۆيگەن، ئاشىق بولغان، زېمىننى سۆي-گەن، قەدىرلىگەن كىشىلەرگىلا بۇ زېمىن گۆھەردىن ئەزىز،

ئەمما ئاشۇ زېمىننى پەقەت روھىي گۈزەل، ۋىجدانلىق، ئەل سۆيەر ئادەملەرلا قان - تەرى بەدىلىگە گۆھەردىن ئېزىز قىلىشقا قادىر بولالايدۇ. بىزنى ئۆزىنىڭ ئىللىق ۋە سېخى قوينىدا پەپىلەپ ئۆستۈرگەن ئەشۇ زېمىن ھايات ئىگىلىرىدىن ئىز قالدۇرۇپ تۇپراققا ئارىلىشىشنى كۈتىدۇ،

— ئىبراھىم باقىنىڭ ئېغىزىدىن تارالغان ھەربىر تا- ۋۇشنىڭ سېھىرلىك كۈچىدىن يىغىن زالىنىڭ تام - تورۇس- لىرى پارچىلىنىۋاتقاندەك قىلاتتى، - ناھىيە- مىزنىڭ ئاناركۆل يېزا چۈشۈرگە كەتكەندىكى ئابدۇۋېلى ئىمىن قەلبى ۋە پۈتۈن جىسمىغا ۋەتەن، خەلق پۈكۈلگەن، دىلىغا ئالىيجانابلىق ۋە پاكلىق مۇجەسسەم بول- غان، تەرىپلەر كەملىك قىلىدىغان زەبەردەس ئۇيغۇر ئوغ- لانى بولۇشقا مۇناسىپ، ئۆتكەن ئاينىڭ 15 - كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىتتىپاق كومىتېتى ئابدۇۋېلى ئىمىنغا «كوممۇ- نىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەزاسى» دەپ نام بەردى. ئاشۇ نام بېرىش توغرىسىدىكى قارارنىڭ 2- نو - يابىردىكى «قەشقەر گېزىتى»گە بېسىلغان نۇسخىسى بۈگۈنكى قەسەمياد يىغىنىنىڭ مەن سۆزلىمەكچى بولغان سۆز تېكىستى.

ئىبراھىم باقى سۆز تېكىستىنى قولىغا ئالدى - دە، ئۈنلۈك ئوقۇشقا باشلىدى:

— «جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى قەشقەر ۋىلايەتلىك كومىتېتىنىڭ يولداش ئابدۇۋېلى ئىمىنغا «كوممۇ-

نىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەزاسى › دەپ نام بېرىش توغرىسىدىكى قارارى.

ئابدۇۋېلى ئىمىن مارالبېشى ناھىيە ئاناركۆل يېزىسىنىڭ چۇشۇرگە كەنتىدىكى ياش دېھقان، ئىتتىپاق ياچېيكىسىنىڭ ھەيئىتى، كۆپ يىللاردىن بۇيان، ئۇ يېزىدىكى، ئىتتىپاق خىزمىتىنى قىزغىن سۆيۈپ، خىزمەت ۋە ئەمگەكنى پائال ئىشلەپ، ئاممىغا قىزغىنلىق بىلەن ياردەم بېرىپ، ھەممىلا يەردە بىر كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى كادىرىنىڭ نەمۇنىلىك - باشلامچىلىق رولىنى جارى قىلدۇرغانىدى.

1985 - يىلى 7 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، ئابدۇۋېلى ئىمىن ۋە ئۇنىڭ ئاكىسى ئابلىز ئىمىن تۇرمىدىن قېچىپ چىققان ئىككى نەپەر جىنايەتچىنى تۇتۇۋالىدۇ. يالاپ مېڭىش يولىدا، جىنايەتچىلەر قېچىشقا ئۇرۇنىدۇ. ئابدۇۋېلى ئىمىن بىلەن ئابلىز ئىمىن بۇ ئىككى جىنايەتچى بىلەن قەيسەرانە ئېلىشىدۇ. ئېلىشىش داۋامىدا ئابدۇۋېلى ئىمىنگە پىچاق تىقىلىپ، ئېغىر دەرىجىدە يارىلىنىپ، قان كۆپ ئېقىپ كەتكەچكە، ئەمدىلا 25 ياشقا كىرگەن ئابدۇۋېلى ئىمىن خەلقىنىڭ ھاياتى، مال - مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش، دۆلەت مەنپەئەتى ۋە جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغداش يولىدا قىممەتلىك ھاياتىنى تەقدىم قىلىدۇ.

يولداش ئابدۇۋېلى ئىمىنىنىڭ كۆكرەك كېرىپ مەيدانغا چىقىپ، باتۇرلۇق بىلەن دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇشتەك ئالىيجاناب، پىداكارانە روھى ۋە ئىسسىق قېنى بىلەن خەلقىنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش، دۆلەت مەنپەئەتى، جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغ-

داشنىڭ خىسلەتلىرىنى تەقدىرلەش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ھايات چې-
غىدىكى ئىزچىل ئىپادىسىگە ئاساسەن، كوممۇنىستىك ياش-
لار ئىتتىپاقى قەشقەر ۋىلايەتلىك كومىتېتى يولداش ئا-
بدۇۋېلى ئىمىنگە «كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ مۇ-
نەۋۋەر ئەزاسى» دېگەن شەرەپلىك نام بېرىشنى قارار
قىلدى. كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى قەشقەر ۋىلايەتلىك
كومىتېتى ھەر دەرىجىلىك ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرىدىن ما-
ۋۇلارنى تەلەپ قىلىدۇ:

نۆۋەتتە قانات يايدۇرۇلۇۋاتقان غايىلىك، ئەخلاقلىق،
مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزاملىق بولۇش تەربىيىسى پائالىيى-
تىدە يولداش ئابدۇۋېلى ئىمىننىڭ نەمۇنىلىك ئىش- ئىز-
لىرىنى كەڭ تەشۋىق قىلىپ، قەھرىماندىن ئۆگىنىشنى ئە-
مەلىي ھەرىكىتىدە كۆرسىتىش دولقۇنىنى قوزغاش لازىم.

كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى قەشقەر ۋىلايەتلىك
كومىتېتى پۈتۈن ۋىلايەتتىكى ھەر مىللەت ياش-ئۆسمۈرلە-
رىنى يولداش ئابدۇۋېلى ئىمىننىڭ پارتىيىنى، كوللېكتىپ-
نى ۋە خەلقنى قىزغىن سۆيۈشتەك ئالىي پەزىلىتىنى ئۆ-
گىنىشكە، ئۇنىڭ ئىتتىپاق خىزمىتىنى قىزغىن سۆيۈش، ئىت-
تىپاق خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن ئۆزىنى ئۇنتۇش-
تەك مۇنەۋۋەر پەزىلىتىنى ئۆگىنىشكە، ئۇنىڭ يېزىلاردىكى
ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى داۋامىدا «بەشتە كاپالەت-
لەندۈرۈلگۈچى ئائىلە» لەر ۋە قىيىنچىلىقى بار ئائى-
لەرنىڭ ئورتاق بېيىشىغا قىزغىن ياردەم بېرىشتەك كوممۇ-
نىستىك خىسلىتىنى ئۆگىنىشكە، ئۇنىڭ خەلقنىڭ مال- مۈل-
كىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش، دۆلەت مەنپەئىتى ۋە
جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغداشتىكى خەۋپكە دۈچ كەلگەندە

قورقماي كۆكرەك كېرىپ ئالدىغا چىقىش، جەمئىيەت ئامانلىقىغا زىيان يەتكۈزىدىغان جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرى بىلەن باتۇرانە ھالدا قەتئىي كۈرەش قىلىشتەك ھېچ نېمىدىن قورقمايدىغان ئىنقىلابىي روھىنى ئۆگىنىشكە، يولداش ئابدۇۋېلىنى ئۈلگە قىلىپ، ئىسلاھاتنىڭ قاينىمىدا بېرىلىپ ئۆگىنىپ، تىرىشىپ خىزمەت قىلىپ، غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزامچان بولغان سوتسىيالىستىك يېڭى ئەۋلاد كىشىلىرىدىن بولۇشقا، جەمئىيەت ئامانلىقىدا تۈپتىن ياخشىلىنىش بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش، يۈكسەك سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتنى بەرپا قىلىش، قەشقەرنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىشتا ئۆزلىرىنىڭ ياشلىق باھارىنى ۋە كۈچىنى تەقدىم قىلىشقا چاقىرىدۇ.

جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى قەشقەر ۋىلايەتلىك كومىتېتى، 1985 - يىل 10 - ئاينىڭ 10 - كۈنى».

يىغىن ئەھلى ئۇنىڭ سۆزىنى شۇنچىلىك بېرىلىپ ئاڭلىدىكى، دەشتى - باياۋاندا ئۇسسۇزلۇقتىن چاڭقىغان يولۇچىلارغا ئوخشاش ئاغزى ئېچىلغان، نەملىكتىن ئەسىراتقالمىغان قۇرغاق لەۋلىرىنى يىمىلەشنىمۇ ئۇنتۇغان، چىرايلىرى جىددىيلەشكەن بۇ كىشىلەر ئەقلىدىن ئازغاندەك بىر - بىرىگە سوئال نەزەرى بىلەن تىكىلىشەتتى. ئۇلارنىڭ يۈرىكى ئوت بولۇپ، كۆكرىكىنى تېشىپ چىقىدىغاندەك ئەنسىز دۈپۈرلەيتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يىغىن زالىدا ئىكەنلىكىنىلا ئەمەس، ھەرىكەتتىن مەھرۇم بولغان جىسمىنىمۇ ئۇنتۇپ قالغاندەك، ئويلاش سېزىمىدىن قالغان مېڭىسى كېرەكسىز سۇيۇقلۇققا ئايلىنىپ كەتكەندەك ھېس

قىلىشاتتى. ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا بىر باھادىر يىگىتنىڭ سىماسى نامايەن بولدى. ھەممە ئادەمنىڭ ئارزۇ ئىستەكلىرى ئابدۇۋېلىنىڭ قەبرىگاھىدىن ئۇنىڭ جانسىز گەۋدىسىنى سۇغۇرۇۋېلىپ كۆرۈپ بېقىشقا تەشنا بولغاندەك؛ ئۇنىڭ ساپ ۋە ساددا يۈرىكىنى بېغىشىدىن ئاجرىتىپ، ئادالەت تارازىسىدا جىڭلاپ كۆرۈپ باققۇسى كەلگەندەك؛ ھەممە ئادەم ئاشۇ ھايات ـ ماماتلىق ئېلىشىش مىنۇتلىرىدا ئابدۇۋېلى ئىمىن بىلەن بىللە ئاشۇ جەڭگە قاتنىشىۋاتقاندەك بولدى. ئابدۇۋېلىنىڭ ئوتلۇق كۆزلىرى، قامەتلىك بەستى، چاقماقتەك تېز ھەرىكەتلىرى كۆز ئالدىدا چاقماق تېزلىكىدە نامايەن بولدى...

ئىبراھىم باقى نەپەسى قىسىلغاندەك سەل ـ پەل تۇرۇۋېلىپ سۆزىنى داۋام قىلدى:

— بىز ئۇنىڭ ئىش-پائالىيەتلىرىنى يەنىمۇ يۇكسەكلىك دەرىجىسىگە كۇتۇرۇش ئۇچۇن تەكشۇرۇش گۇرۇپپىسى ئەۋەتتۇق. كىشىلەر ئۇنى ياخشى كۆرىدىكەن، ھۆرمەتلەيدىكەن. ھەممە ئالىيجانابلىقلار قولىدىن كېلىدىغان بۇ ياش نوتا ئۇچۇن قايغۇ ـ مۇسىبەتنىڭ گۈلخانىدا باغرى ئۆرتىنىۋاتقان مىڭلىغان كىشىلەرنىڭ قايغۇ ـ ئەلەم يېشى ئۇنى يۇتۇپ كەتكەن رەھىمسىز توپراقنىڭ كۆكسىگە سىڭىپ كەتتى.

قېرىنداشلار، تۇرمۇشنىڭ رەھىمسىز كۇلپەتلىرى پەرزەنتى ۋە قېرىنداشىنى مەزگىلسىز ھالاك قىلغاندا تەمكىنلىكىنىڭ ئۇرۇقىنى چاچقان ئابدۇۋېلىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ۋە ئۇنىڭ ئاكىسىنىڭ ئۆزۈڭلاردىن قانچىلىك پەرقلىق ئادەم ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋاتقاندۇ؟

قاراڭلار! مانا بۇ — ئابدۇۋېلىنىڭ دادىسى؛ مانا بۇ — ئۇنىڭ ئانىسى؛ مانا بۇ — قەھرىمانىمىزنىڭ جەڭدە بىرگە بولغان ئاكىسى!

سەھنىدە ئولتۇرغان ساقاللىرى ئۇچتەك ئاقارغان، گەۋدىلىك، تېمەنلىكى چىقىپلا تۇرىدىغان بىر بوۋاي، ئاق رومىلى بىلەن ئېڭىكىنى مەھكەم چىگىۋالغان بىر موماي ۋە ئەپتىدىن كۈچ-شىجائەتلىك يىگىتلىكى كۆرۈنۈپلا تۇرىدىغان ئېگىز بوي، ئورۇق بىر يىگىت ئورنىدىن دەس تۇردى. كىشىلەر خۇددى تاشقىنلىغان دەريا سۈيىدەك ئوخچۇپ ئورنىدىن «گۇررىدە» قوزغىلىشىپ، ئۇلارنىڭ مۇبارەك قوللىرىنى تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن سەھنە تەرەپكە قاراپ ئېتىلدى، يىغىن تەرتىپىنى ساقلاۋاتقانلار كۆپچىلىكنى توسۇپ ئالدى، ياش سىرغىۋاتقان مىڭلىغان كۆزلەر ئۇلارغا تىكىلدى.

ئابدۇۋېلى ئىمىن ۋاپات بولغاندىن كېيىن، قاراقىلچىن ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانى، مارالبېشى ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى ۋە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى ئۇنىڭ يۇرتداشلىرىدىن 600 نەچچە كىشىنى قاتناشتۇرۇپ، قەھرىمانىمىزنىڭ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن چۈشۈرگە كەنتىدە ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ، ئابدۇۋېلىنىڭ ھاياتىغا دائىر ئىش-پائالىيەتلىرىنى سۆزلىدى.

مارالبېشى ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتى، ئاناركۆل يېزىلىق ئىتتىپاق كومىتېتى، چۈشۈرگە كەنت ئىتتىپاق ياچېيكىسى ئۇنىڭغا مۇنەۋۋەر ئىتتىپاق ئەزاسى دەپ نام بەردى،

ياشلار ۋە ئىتتىپاق ئەزالىرىنى ئابدۇۋېلى ئىمىنىدىن ئۆگىنىشكە چاقىرىش توغرىسىدا قارار ماقۇللىدى ۋە پۈتۈن ناھىيىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئۇنىڭدىن ئۆگىنىشكە چاقىردى، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى، مارالبېشى ناھىيىلىك پارتكوم سىياسىي-قانۇن كومىتېتى، ئاناركۆل يېزىلىق خەلق قوراللىق بۆلۈمى قاتارلىق ئورۇنلار ئۇنىڭغا «ئىنقىلابىي قۇربان» دەپ نام بەردى.

كىتابخان، سىز بۇنىڭدىن باتۇرلۇق ۋە قەھرىمانلىقنىڭ، پەزىلەت ۋە ئالىي جانابلىقنىڭ سىرىنى نەدە ۋە نېمىدە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغانسىز. مۇبادا سىزمۇ بىز بىلەن بىللە، ئابدۇۋېلىنىڭ مەھەللىسىگە بېرىپ، قولۇم-قوشنىلار، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى، سۆيۈملۈك خوتۇنى ۋە گۆدەك بالىلارنىڭ دەريا - ئېقىنۋاتقان، ئەلەمگە تولغان يېشىنى كۆرگەن، كۆچلۈك ھېسسىياتقا تولغان يۈرەك سۆزلىرىنى، ئۇنىڭغا ئېيتقان مەدھىيىلىرىنى ۋە ئۇنىڭ تەسىرلىك ئىش - پائالىيەتلىرىنى ئاڭلىغان بولسىڭىز، ئۇنىڭ ھەقىقىي قەھرىمان بولۇشقا مۇناسىپ ئىش قىلغانلىقىدىن ھاياجانلىنىپ، كۆزىڭىزنى توختىتىۋالالماي، ئىختىيارسىز ياش تۆككەن بولاتتىڭىز، ئۇ قالدۇرۇپ كەتكەن ئۆچمەس ئىز، ئۇ بىمەھەل ئۇيقۇدا ياتقان قەبرىگاھقا باغرىڭىزنى يېقىپ، ئۇنىڭ يۈرىكى ۋە ۋۇجۇدىدىكى ھارارەتنى بىلگىڭىز كەلگەن بولاتتى.

1985- يىل ئاۋغۇست، ئاناركۆل،

1990- يىل، مارالبېشى.

# شەپقەت ياغدۇرغۇچى

## 1



مۇھەممەت بوۋاي، ھاشىماخۇن ئەپكەش ۋە زورىخان ئاچىلار بۇگۇنمۇ كۇندىلىك ئادىتى بويىچە تالاغا چىقىشتى ۋە ساناتورىيە ھويلىسىدىكى سۇپىدىن ئورۇن ئېلىشتى. ساناتورىيىدىكى كىشىلەر بىر يەرگە جەم بولسىلا، بۇ سۇرەتتىكى كىشى توغرىسىدا ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي سۆزلىشىدۇ.

— قايسى بىر ئىنسابلىق ئادەمنىڭ بالىسىدۇر، شۇ قادىراخۇن، ئۇنىڭمۇ تۇتقان ئۆيى باردۇ؟ بۇ بالىسى، خېلىدىن بېرى بىزنى زادى ئۇنتۇپ قالىدى.

— ئۆز پۇشتىمىز، جىگەر پارىمىز بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنچىۋالا قىلىپ كېتەلمەستى!

— يېقىلغۇ، خىراجەت، سوپۇن، سۇيىېغى... ئىش قىلىپ ھەممە كەم نەرسىمىز ئۇنىڭدىن تەل بولىدۇ، مانا ئەتە بايرام، كىشىلەر باھار بايرىمىنى مۇبارەكلەپ قەنت-گېزەكلەرنى داستىخانغا تىزىشىدۇ، ساڭزا، قۇيماق سالىدۇ، بايا ئۆيدە مۇڭلىنىپ ئولتارسام قادىراخۇن ئاسمانىدىن چۈشكەندەكلا كىرىپ كەلدى، قېنى، ھېيتلىقىڭ، ھوي موماي، دېدى. ئاندىن سومكىسىدىن قەنت، شام-گۇگۇت،

سوپۇن، يانچۇقىدىن پۇل ئېلىپ: «ئال، بۇنى، بايرام ئۆتكۈز، مۇنۇ بىر كىلوگرام ياغدا ئوخشىتىپ قۇيماق سېلىپ قوشنىلىرىڭنى مېھمانغا چاقىر، دېدى. خۇشاللىقتىن بىر ھازا يىغلىدىم، ئاللا ئېزىز قىلار شۇ بالىنى ئەمگەكتىم.

زورىخان موماي شۇنداق دېدى ـ دە، گۆشسىز قوللىرى بىلەن قاتمۇقات قورۇق باسقان ياداڭغۇ يۈزىنى ئېتىۋېلىپ، ئۆكسۈپ يىغلىۋەتتى. مۇھەممەت ئاكا بىلەن ھاشىما خۇن ئەپكەشىنىڭمۇ نۇرسىز كۆزلىرىدىن ياش سىرغىپ، تال ـ تال ساقاللىرىنى نەملىدى ...

قادىر داۋۇت مارالبېشى بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتىگە تەۋە قېرىلار ساناتورىيىسىدىكى ئاجىزلارنى ئۈچ يىلدىن بېرى ھېيت ـ بايرام كۈنلىرى يوقلاپ، غېرىپسىندۇرۇپ قويمىدى، شۇڭا ساناتورىيىدىكى قېرىلار ۋە بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى رەھبەرلىكى ئۇنىڭغا ھۆرمەت، شان ـ شەرەپ سەلتەنىتىنىڭ تۆرىدىن ئورۇن بەردى.

بۇ يىللىق باھار بايرىمىمۇ كېلىپ قالدى، قادىر داۋۇت 1990 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى تۇك ۋە يوغان بىر سومكىنى كۆتۈرۈپ ئۆيىدىن چىقىپ، ئۇدۇللا سودا ماگىزىنى، ئۇن ـ ماي ماگىزىنىنى ئارىلاپ، 130 نەچچە يۈەنگە سۇيىيغى، شام، سەرەڭگە، سوپۇن، قەنت سېتىۋېلىپ ئۇنى ئاتمىلىك موماي، بوۋايلارغا تارقىتىپ بەردى، 35 يۈەن پۇلنى بايراملىق خىراجەت قىلىپ بەردى.

دوستۇم، سىز ئۇنى بارماقلىرى ئارىسىدىن سىرغىپ چىققانىنى بىر نەچچە ئادەمگە ياللىنىپلا، ئىشنى بولدى قىلىدىغان ئالا كۆڭۈل يىگىتمىكىن دەپ قالماڭ، ئۇنىڭ يەنە نامراتلارغا كۆرسەتكەن سېخىيلىقىغا ئائىت يېڭى ـ يېڭى ھېكايىلىرىمۇ بار.

قادىر داۋۇت بىر كۈنى مەقسەتسىزلا ئاشلىق بازىرىنى ئايلىنىپ كېتىۋېتىپ ياشانغان بىر جۈپ ئەر ـ خوتۇن-

نىلىڭ مىڭ ـ مىڭ ئادەملەر توپى ئىچىدە بىر ئىش ئۈستىدە تالاش ـ تارتىش قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى ۋە يېقىنلاپ باردى.

— مەن سېنى ئۆيدە قوناق ئۇنى ئالسەن دەپ مولـلام تالسپلىرىغا ساۋاق بەرگەندەك ئۆگىتىپ بازارغا ئەۋەتـكەن تۇرسام، نېمىشقا بۇغداي ئۇنى ئالدىڭ؟

كاجى پىلاتىنىڭ تۇگمىسىنى ئويناپ پەرۋاسىز تۇرغان، ئۇتتۇر چىشلىرىدىن مەھرۇم قالغان ئايال ئېرىنىڭ سو ـ راق ـ سوئاللىرىنى جاۋابسىز قالدۇرۇپ تۇرۇۋەردى.

— گەپ قىل دەيمەن!

— بۇغداي ئۇنى ئالسام نېمە بوپتۇ، گاللىرىغا چاپـلىشىپ قالامتىمۇ؟

— هوي بىغەرەز خوتۇن، ئۆيدىكى يەتتە جان كىشـى سېنىڭ 15 كىلوگرام ئۇنۇڭنى ھەپتە يەتكۈزۈپ جان ساقـلىيالايتىمۇ؟ قوناق ئۇنى ئالساڭ، كۆپرەك بىر نەرسە ئېـلىپ كېتەلىسەك ياماق كېتەتتىمۇ؟

قادىر داۋۇتنىڭ ئىچى سىيرىلدى. تۇرمۇش ئامراتلىـقىنىڭ ئىسكەنجىسى ئاستىدا مۇجۇلىۋاتقان بۇ كىشى ئۆزى بىلەن بىر مەھەللىلىك روزى توختى بولۇپ، ئۇ شۇ كۈنى بازاردىن قايتىپ مەھەللىسىگە بېرىپ ئۆزى ئولتۇرۇشلۇق كەنتتىكى 13 نامرات دېھقاننىڭ ئەتىيازدىكى سېـرىقتال پەسلىنى غەمسىز ئۆتكۈزۈۋېلىشى ئۈچۈن 820 يۈەن پۇلنى ئۆسۈمسىز تارقاتتى. بۇ 1982 ـ يىلى ئەتىياز پەسلىدىكى ئىش ئىدى، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ تاكى 1989 ـ يىل ئاخىرىغىچە ئۇرايىم هاشىم، ياسىن تۇردى قاتارلىق 50 دىن كۆپرەك دېھقانغا 7000 يۈەندىن كۆپرەك پۇلنى مۇددەتسىز ۋە ئۆسۈمسىز قەرز بېرىپ

غەمدىن خالاس قىلدى، ئۇ يەنە بازارلىق ھۆكۈمەت تەۋەلىكىدىكى نامرات ئائىلىلەر ئۈچۈن ئۈچ قېتىمدا 1150 يۈەن نەقپۇل ۋە بىر قىسىم ماددىي نەرسىلەرنى ياردەم قىلدى.

2

كەلپىن بوز كەنتى قادىر داۋۇتنىڭ ئائىلىسى تۇرۇشلۇق قەشقەر دەرياسىنىڭ ساھىلىغا ئورۇنلاشقان جاي بولۇپ، 1979 - يىلى ئەتىيازدا كەنت رەھبەرلىكى كەنتتىن 4 - 5 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بىر قاغجىرىمىلىقتا 20 نەچچە ئائىلىلىك دېھقاننى ماكانلاشتۇردى. يېڭىدىن كۆچۈپ، بۆك - باراقسان قەدىمى مەھەللىسىدىن بۇ چۆلدە ھايات باشلىغان بەزى دېھقانلار تەرسالىقى تۇتۇپ 2 - 3 يىلغىچە ئۆيى ئەتراپىغا بىر تۈپ دەرەخ تۇتتۇرماي، ئۆيى ئەتراپىنى خۇمدانغا ئوخشاش قويۇۋەردى، تاملارنىڭ خىشكېسەكلىرى ئاپتاپ تەپتىدىن ساپال كۆپتەك قىزاردى. بۇ يەرگە كۆچۈپ كېلىپلا ئورمان سالغان بىر نەچچە ئائىلىلىك كىشىنىڭ دەرەخلىرى بۆك - باراقسان ئايىندى.

1984 - يىلى 2 - ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى، قادىر داۋۇت مەھەللە ئەتراپىنى ئاق پېتى تاشلىۋەتكەن ئابلىمىت، ئەمەتجان قاتارلىق 15 دېھقاننى مەھەللىسىگە ئەپكىلىپ، بىر يېرىم مو يەردە ئۆستۈرگەن قەلەمچى تېرەك ئورمىنىنى ۋە ئۆيى ئەتراپىدىكى 5 - 6 مىڭ تۈپ ساغلام ئۆسۈۋاتقان دەل - دەرەخنى كۆرسىتىپ دېدى:

— كۆرۈپ تۇرۇپسىلە، ئائىلىمىزدىكىلەر بىر نەچچە يىل تەر ئاققۇزۇۋىدى، مانا، مۇشۇنچىلا ئۆزگىرىشلەر بولدى، سىلە قاچانغىچە غەپلەتتە ياتىسىلەر، ھازىر ئورمان

ئەھيا قىلىشنىڭ تازا ياخشى پۇرسىتى، سىلەرگە بىر ھەپتە مۆھلەت بېرىمەن، ئۆيۈڭلار ئەتراپىدىن 50 مېتر ئۇزۇنلۇقتا ئېرىق ئالىسىلەر، ئوسسىغا قاندۇرىسىلەر، مەن ئۆزۈم يارىتىۋالىمەن. مۇنۇ كۆچەتخانىدىن تېرەك ئاپىرىپ سالىسىلەر، بۇ يىل كۈز بىر تۈپ تېرەكنى قۇرۇتىۋەتسەڭلار ئون يۈەن تۆلىتىۋالىمەن!

— سىزدىن يۆتكەپ كەتكەن تېرەكنىڭ ھەر تۈپىگە قانچە پۇلدىن ھەق قايتۇرىمىز؟

— ئالجىپ قالدىڭلارمۇ؟ ھەر بىر ئائىلىگە 60 تۈپتىن 900 تۈپ تېرەك كۆچىتىنى ھەقسىز تارقىتىپ بېرىمەن. ئەمما، بىر تۈپى تۇتماي قالسا ئون يۈەندىن تۆلىتىپ ئالىمەن.

مەھەللىداشلار خۇشال قايتىشتى ۋە بىر ھەپتىدىن كېيىن ئۆزىگە تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن 60 تۈپتىن تېرەك كۆچىتىنى ئېلىپ كەتتى.

قادىر داۋۇت شۇ يىلى ئەتىيازدا يەنە كەلپىن بوز كەنتىنى ئايلىنىپ تۇغۇلۇپ تېخى يېشىغا يەتمىگەن بالىلاردىن ئون ئوغۇل بالىنى تىزىملاپ، ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىسىنى مەھەللىسىگە يىغىپ، ھەر بىر ئائىلە ئۈچۈن يىگىرمە تۈپتىن تېرەك كۆچىتى تارقاتتى ۋە مەسچىت ئەتراپىدىكى ئوسسىغا قاندۇرۇلغان ئورمان بەلبېغىدىن ئورۇن كۆرسىتىپ بېرىپ تېرەكلەرنى سالدۇردى.

— يۇرتداشلار، سىلەرمۇ بۈگۈن مەنچە خۇشال بولدۇڭلارمۇ؟ — دېدى ئۇ، — ئېھتىمال سىلەر مۇنداق بىر ئىشنى ئويلاپ كۆرۈشكە ئۈلگۈرمىگەنسىلەر؟ بۈگۈن سىلەرنى قانداق قىلىپ بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىپ ئىشقا سالغىنىمنى بىلدىڭلارمۇ؟ بۇلتۇردىن بۇيان ئائىلىدە ئوغۇل تۇغقان ئائىلىنى تىزىم-

لاپ كۆرسەم توپتوغرا ئون ئائىلە ئىكەنسىلەر، بۈگۈن سىلەر ئاشۇ ئوغۇللىرىڭلارنى ئۆيلەندىڭلار، ئۆي سېلىپ بېرىڭلار!

كۆپچىلىك باش لىڭشىتىپ، ئۇنىڭغا قايىللىق بىلەن تەكىتلەشتى. 1985 - يىلى ئەتىيازدا قادىر داۋۇت بىلەن مەھەللىداشلىرى ئوتتۇرىسىدا مۇنداق بىر غەلىتە، دېھقانلارنى غەم - ئەندىشىگە سالىدىغان ئىشمۇ بولۇپ ئۆتتى. شۇ يىلى 3 - ئاينىڭ دەسلەپكى بىر كۈنى قادىر داۋۇت مەھەللىلەرنى ئارىلاپ ئىشىك ئالدى، ئۆيى ئەتراپىدا جىرىم سېلىشقا يەر تەييارلىغان ئىمىن مامۇت، مۇھەممەت قاسىم قاتارلىق 12 دېھقاننى يىغىپ، كۆچەتزارلىقىدىن 2450 تۈپ ئۈچ مېتىر ئېگىزلىكتە ئۆسكەن تېرەك كۆچىتى قومارتتى ۋە ھەر بىر كىشىگە 200 تۈپتىن تېرەك كۆچىتى بۆلۈپ بېرىپ ھەيۋە بىلەن دېدى:

— ھەر بىرىڭلار 200 تۈپتىن تېرەك كۆچىتى ئالدىڭلار. كۆچەتلەرنىڭ ھەممىسى تۇتمىسا، پەرۋايىم پەلەك. ئون يىل ئۆتكەندە ھەر ئون تۈپ كۆچىتىم ئۈچۈن سىلەر تۇتتۇرغان تېرەكتىن بىر تۈپتىن تېرەك كۆچىتى كېسىمەن. بۇ — ماڭا ھەر بىر كىشى 20 تۈپتىن تېرەك ياغىچىغا قەرزدار بولدى دېگەن سۆز. گەپ شۇ، قايتساڭلار بولمىدۇ.

ھەممەيلەن لام - جىم دېمەي ئۆز ئۆيلىرىگە راۋان بولۇشتى. بىر نەچچە ئادەم جەم بولسىلا قادىر داۋۇتنىڭ «جازانىخورلۇقى» توغرىسىدا جاۋغايلىرى قۇرۇغىچە جاۋىلدىشىدىغان بولدى:

— خۇدا زاۋالىنى بېرەر، ئۇ قان يۇتقۇنىڭ؟! ياۋاش - يۇمشاق، ئاجىز - ماجىزلارنى شۇنچە بوزەك قىلغان بارمۇ؟

— پۇلۇم بار دەپ قىلىنغان بىلەن خۇدانىڭ كۆزى كور ئەمەستۇ؟ بوپتۇ، بۇ كۆچەتلەرنى سېلىپ قويايلى.

ئىقتىسادىي بېسىمدىن قۇتۇلۇشقا كۆزى يەتمىگەن بۇ ئۇن نەچچە ئائىلىلىك كىشى 2400 تۈپ تېرەك ئەي قىلدى، ئاردىن ئىككى يىل ئۆتتۈپ، 1987 - يىلى ئەتىيازدا قادىر داۋۇت شۇ قېتىم كۆچەت تارقىتىلغان 12 ئائىلىنىڭ باشلىقىنى مەھەللىسىگە يىغدى.

— ئېسىڭلاردا باردۇر، ئىككى يىل بۇرۇن سىلەر مەندىن 2450 تۈپ تېرەك كۆچىتى ئالغان، مەن بۇ ھېسابنى ئۇن يىل كېيىنگە قالدۇرسام، ۋاقىت بەك ئۇزىراپ كېتىدەك، بىز سىلەر بىلەن بۈگۈن مۇشۇ يەردىلا ئېلىم - بېرىملىرىمىزنى توغرىلىۋېتەيلى، - كىشىلەر ئۇن - تىنسىز تىڭشىماقتا ئىدى، ھەممەيلەننىڭ دىمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى، - تۇتقان تېرەكلەرنى ساناپ كۆرسەم 2400 تۈپ كۆچەت ئەي قىلىپسىلەر، جاپا چەكتىڭلار. سىلەرگە كۆچەت تارقاتقاندا مۇنچىلىك چەك قويمىسام بولمايتتى. ئارىمىزدا بارماق بېسىپ تۈزگەن توختام يوق، مەھەللىلەر كۆكەردى. سىلەرنىڭ مەندىن كۆچەت ياكى تېرەك قەرزىڭلار يوق، دەرەخكە ئۆزەڭلار ئىگىدارچىلىق قىلساڭلار بولىدۇ.

3

مارالبېشى بازارلىق ھۆكۈمەتكە قاراشلىق چۈچۈك بۇيا سېتىۋېلىش پونكىتىنىڭ باشلىقى قادىر داۋۇتنىڭ ئائىلىسى تۇرۇشلۇق كەلپىن بوز كەنتى، غول مەھەللە ۋە كۆل بېشى كەنتلىرىدىكى بالىلار ئوقۇيدىغان غول مەھەللە مەكتىپىنىڭ ئىمارەتلىرى كونىراپ، تاملىرى سۇۋاق تاشلاپ، ئوقۇتۇشنىڭ تەسىرگە ئۇچرىشى جىددىي بىر مەسىلە

جۇلۇپ قالدى. قادىر راۋۇت دۆلەتنىڭ مائارىپ خىراجىتىگە قىلىدىغان چىقىمى كۆپ بولۇش سەۋەبىدىن يېتىشەلمەيۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئون مىڭ يۈەن پۇل ئىئانە قىلىپ، مەكتەپ سالدۇرۇپ بەردى، ئۇ يەنە غول مەھەللە مەكتىپى، ناھىيە بازىرىدىكى بىر قىسىم باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرىنى تولۇقلىۋېلىشى ئۈچۈن ئون مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇل، بازارلىق ھۆكۈمەت تەۋەلىكىدىكى نامرات ئائىلەلەر ئۈچۈن ئىككى قېتىمدا 1000 يۈەن پۇل ئىئانە قىلدى.

4

— بالام، — دېدى داۋۇت ئاكا ئوغلى ئابدۇقادىرنى يېنىغا تارتىپ، — مال-دۇنيا كۆپەيسە ئىماننى يوقىتىدۇ، دەيدىغان گەپ بار، قول ئىلكىڭىزدىكى مال-دۇنيا يېتەرلىك، يېتىم-يېسىرلەرگە خەير-ساخاۋەت، سەدىقە-راپائەت قىلىشنى ئۇنتۇپ قالماڭ. شۇنداق قىلالىسىڭىز قولىڭىزدىكى بايلىق تېخىمۇ كۆپىيىدۇ، ھالال يېگەن بولىسىز، ئوغلۇم. يۇرتىمىزنىڭ كۆل بېشى، دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتقىنىغا 200 نەچچە يىل بولدى. مەھەللىمىزدىكى كۆلنى بوۋام سۆزۈمەت بالىلىق دەۋرىدە چاپتۇرغان ئىكەن. دادام زاكىر ئۈچ قېتىم، مەن 96 يىللىق ئۆمرۈمدە تۆت قېتىم بۇ كۆلنى بىساتىمىزدىن چىقىم قىلىپ، تۈجۈپىلەپ رېمونت قىلدۇرۇپ، يۇرت ئەھلىنىڭ تەشنالىقىنى قاندۇرۇپ كەلدۇق. بۇنداق كۆلنى مەن ھېچيەردە ئۇچراتمىدىم. 200 نەچچە يىل سۈيى قۇرىمىغان بۇ كۆلنىڭ سىزگە كەلگەندە سۈيى قۇرۇپ كەتمىسۇن. بۇ — مېنىڭ سىزگە قالدۇرىدىغان ۋەسىيىتىم، بالام، ئېسىڭىزدە بولسۇن، ئالەمدە سۆيگۈدىن ئۇلۇغ ۋە مۇقەددەس كۈچ يوق. بولۇپمۇ، خەلق سۆيگۈسى ئەڭ مۇقەددەستۇر.

داۋۇت ئاكا يەنە نېمىلەرنى دېمەكچى بولدى - يۇ، كىرپىكلىرى ئاستا - ئاستا جۇپلەشتى.

دېمىسىمۇ قادىر تۇرۇشلۇق مەھەللە دېھقانلىرى سېرىقتال كۈن كەچۈرەتتى. بۇنى ئاز دەپ، كۈندىلىك ئىچىملىك سۈيىنى نەچچە كىلومېتىر يىراق جايدىن بۇ مەھەللىگە كېلىپ، مۇشۇ كۆلدىن ئېلىپ كېتەتتى. مال-چارۋىلىرىنىمۇ ھەيدەپ كېلىپ، مۇشۇ كۆلدىن سۇ ئېلىپ سۇغىراتتى. ياز كۈنلىرى قىز - يىگىتلەر بۇ كۆل ئەتراپىدىكى دەرەخ سايىسىدا مۇڭدىشاتتى، بىر - بىرىگە مۇھەببەت ئىزھار قىلىشاتتى... بالىلار كۆل قىرغىقىدىكى قۇم ئۈستىدە ئېغىنىشاتتى. ھېيت - بايراملاردا ناغرا - سۇناي، داقا-دۇمباقلار بۇ كۆلنىڭ بېشىنى ئاۋات قىلىپ، كىشىلەر چېلىش سورۇنلىرىنى تۈزەتتى. كۆل بويىدىكى مەسچىتتە يەنە ھېيت نامىزى ئوقۇلاتتى، قىسقىسى بۇ يەر يۇرت ئەھلىنىڭ ئارامگاھى ئىدى.

يىل بويى قاغجىراپ ياتىدىغان بۇ 60 نەچچە تۈتۈنلۈك مەھەللە قەشقەر دەرياسىنىڭ ئاياغ ئېقىنىغا جايلاشقان، تەبىئىي تۇپراق تۈزۈلۈشى قۇمساز، قۇرغاق، سۇ يۈزىدىن ئېگىز، سۇغا تەتۈر باش بولۇپ، بۇ يەردىكى خەلق ئەسىر بويى كەلكۈن مەزگىلىدىن باشقا چاغدا يىل بويى قۇدۇقنىڭ تۇزلۇق سۈيىنى ئىچىشكە مەجبۇرلىناتتى. تەخمىنەن 1750- يىلى بۇ كەنتتە تۇغۇلغان سۆزۈمەتمۇ بالىلىق دەۋرىدە ئەل قاتارى ئىچىملىك سۇنىڭ دەردىنى يەتكىچە تارتقانلىقتىن، 1790- يىللىرىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە كۆل چېپىپ قولۇم - قوشنىلارنىڭ ئىچىملىك سۈيىنى ھەل قىلىشقا تۇتۇندى. تېخى ئەمدىلا 26 ياشقا كىرگەن سۆزۈمەت ئوندىن كۆپرەك كالا، قوي سويۇپ، 2000 كىلوگرامدىن كۆپ-

رەك گۈرۈچ ۋە خېلى كۆپ مىقداردا سۈيىنى سەرپ قىلىپ، ھەر كۈنى 200 گە يېقىن كىشىنى مانتۇ، گۆشلۈك پولۇ بىلەن سىراپ قىلدى. سۆزۈمەتنىڭ 5000 يۈەن مەبلەغى بەدىلىگە 31 مىڭ كۇب مېتىر سۇ سىغىمچانلىقىغا ئىگە كۆل چېپىلدى، مانا شۇ كۈنلەردىن بۇيان بۇ يەر «كۆل بېشى» دېگەن نامى بىلەن ئۇلۇغلىنىدىغان ماكانغا ئايلاندى. سۆزۈمەت جان ئۈزۈش ئالدىدا ئوغلى زاكىرغا، زاكىر مۇبالىلار بىلەن ۋىدالىشىش ئالدىدا ئوغلى داۋۇتقا كۆل توغرىسىدا ئۇزاقتىن - ئۇزاق ۋەسىيەت قىلدى، زاكىر، داۋۇتلار ئاتا ۋەسىيىتىگە سادىق بولۇپ، كۆلنى قارالىق رېمونت قىلدۇرۇپ، سۈيىنى ئۈزۈپ قويمىغان بولسىمۇ، 1982 - يىلى كەنت يەر ئېچىش باھانىسى بىلەن بۇ كۆلنى تىندۇرۇۋەتتى. كۆل بېشىلىقلارنىڭ ئىچىملىك سۈيى كۈندىلىك تۇرمۇشىدىكى چوڭ ئىشقا ئايلاندى. قادىر بۇ يەردە كۆل سۈيىنى قۇرۇتۇپ قويماسلىق ئۈچۈن بىساتىدىن 1500 يۈەن سەرپ قىلىپ، 6000 كۇب مېتىر سۇ سىغىمچانلىقا ئىگە بىر كۆل قازدۇرۇپ، 2 - 3 مىڭ تۇياق مال- چارۋا ۋە ئانار كۆل يېزىسىنىڭ كۆنچى مەھەللە، كۆل بېشى كەنتلىرى ۋە دۆلەتباغ يېزىسىنىڭ چاجاڭ كەنتىدىكى 2000 دىن كۆپرەك دېھقانىنىڭ ئىچىملىك سۈيىنى ھەل قىلدى. كۆلنى ئىككى قېتىم رېمونت قىلدۇرۇپ، سۇ كەلسىلا كۆلنى تولدۇرۇپ، سۇنى ئۈزۈپ قويمىدى، كىشىلەر ھەر قېتىم بۇ يەردىن سۇ ئېلىپ ماڭغاندا ئەلۋەتتە ئۇنى ياد ئېتىدۇ. ئۇنىڭ مۇبارەك ئىسمىنى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالىدۇ.

5

— يا خۇدانىڭ، يا بەندىسىنىڭ كۆزى كۆرمىدى، يا

ھۆكۈمەتنىڭ دىلىغا سالمىدى، بۇ ئاچكۆز دەريانى،— دېدى بىر پاقلاننى دەريادىن سۈزۈۋېلىپ قىرغاق تەرەپكە تارتىپ چىقىۋاتقان شاپاق دوپپا، خاسا كۆينەك، قارا كاجى شىم كەيگەن يالىڭاياق دېھقان يىگىت جىلى بولغان ھالدا.

دېمىسىمۇ ناھىيە بازىرى بىلەن كەلپىن بوز ۋە كۆنچى مەھەللە كەنتلىرىنى ئايرىپ تۇرىدىغان قەدىمىي قەشقەر دەرياسىغا ھەر يىلى ياز كەلكۈن كەلگەن مەزگىللەردە بۇ ئىككى كەنتتىكى دېھقانلار بازار كۈنلىكى ناھىيە بازىرىغا كېلىشتە بىر نەچچە كىلومېتىر يولنى ئارتۇق بېسىپ باش تەرەپتىكى ئاددىلا قۇرۇلغان پىيادىلار كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈشكە، يول ئازابى تارتىشقا توغرا كېلەتتى. شۇ كۈنى دەرياغا كەلكۈن كېلىپ، سۇنىڭ ئۇلغىيىپ كەتكەنلىكىدىن خەۋەرسىزلا، ئۆتۈشكە كەلگەن قادىر داۋۇتقا ھېلىقى ياش دېھقاننىڭ گەپلىرى ئەلەم قىلدى. ئۇ شۇ كۈنى بازارغا بېرىشتىن يالتىيىپ ئۆيىگە قايتىپ كەتتى. كېچىچە ئۇيقۇسى كەلمەي، خىيال دېڭىزىدا ئۈزۈپ چىقتى ۋە بۇ يەرگە بىر كۆۋرۈك سېلىشقا تۇتۇندى، ئارىدىن بىر ئاي ئۆتكەندە بىر مىڭ 24 يۈەن نەق پۇل بەدىلىگە 20 تونىنا يۈك كۆتۈرەلەيدىغان بىر شال كۆۋرۈك ۋۇجۇدقا كېلىپ، مەھەللىداشلىرى خاتىرجەم بولدى.

قادىر داۋۇت يەنە كەلپىن بوز، كۆنچى مەھەللە قاتارلىق ئورۇنلاردىكى 4000 مو تېرىلغۇ يەرگە سۇ ئۆتكۈزۈلىدىغان قۇم ئېرىق ئۆستەڭنىڭ سۇغىرىش شارائىتىنىڭ پەۋقۇلئاددە ناچار بولۇۋاتقانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، 1983-يىلى 4-ئايدا 5000 يۈەن مەبلەغ سېلىپ، كېتەر-

لىك سېمونت، تاش - شېغىل، پولات
چىۋىق، تېخنىك ۋە ئەمگەك كۈچى سېتىۋېلىپ، ئۆستەڭگە ئۈچ ئېغىزلىق بېتون تۇما ۋە بېتون كۆۋرۈك ياسىتىپ، سۇغىرىش شارائىتىنى ياخشىلىدى، ئۇ يەنە 1989 - يىلى 10 - ئايدا 3080 يۈەن مەبلەغ بەدىلىگە كەلپىن بوز كەنت ئايىغىدىكى 12 ئائىلىلىك يېڭى مەھەللىگە سۇ ئۆتكۈزۈلىدىغان ئۆستەڭگە يېڭىدىن بىر بېتون تۇما ياسىتىپ بەردى ھەمدە ئىلگىرىكى ئۆزى ياساتقان بېتون تۇما ۋە كۆۋرۈكنىڭ بۇزۇلغان جايلىرىنى رېمونت قىلدۇرۇپ بەردى. ئۇ يەنە ئۆز ئائىلىسى تۇرۇشلۇق كەنت بىلەن ناھىيە بازىرى ئارىلىقىدىكى تۆت ئۆستەڭگە 700 يۈەنلىك سېمونت نو سېتىۋېلىپ ئورناتتى.

## 6

جان سەكراتتا ياتقان زايىت ماگسۇر ئويلاش سېزىمىنى يېرىم ھالەتتە يوقاتقان بولسىمۇ، ئۇنىڭ تىلى ئاجىز نېرۋىسىدىن ئاداشقان، كىچىكىدىلا ئانىسىدىن يېتىم قالغان 40 ياشلىق يالغۇز قىزى نۇرنىساخاننىڭ كېيىنكى تۇرمۇشىنى ئەزەرىدىن ساقىت قىلىۋېتەلمىدى. ئۇ ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ ئاخىرى قادىرنى چاقىرتىپ دېدى:

— جېنىم بالام، سەن، بىزگە يات، ئەمما سەن مۇشۇ يۇرتىمىزدا يېتىم - يېسىرلارنىڭ بېشىنى سىلاپ كەلدىڭ، مەن بولالمىدىم، سەن ئاشۇ يالغۇز قىزىمنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ قوي.

زايىت ماگسۇر شۇ گەپلەردىن كېيىن قىزى بىلەن ۋىدالاشتى. ئۇنىڭ قىزى دادىسى قازا قىلغان كۈنى يىغلاشنى، يا كۈلۈشنى بىلمەي بىر كۈننى ئۆتكۈزدى. ئەتىسى

قادىر ھويلىسىدىن بوشاتقان بىر ئېغىز ئۆيگە نۇرنىسانى
يوق دېيەرلىك سەرەمجانلار بىلەن يۆتكىۋالدى. زايىتىنىڭ
نەزىرىسىنى ئۆز بىساتىدىن چىقىم قىلىپ ئاياغلاشتۇردى.
نۇرنىسانىڭ شېكەستە دىلىنى چەكمەسلىكنى بالىلىرىغىچە
ئادەتكە ئايلاندۇرۇپ، ئۇنى ئالىپتە كىيىندۇردى، ھېيت ـ
بايرام پەيتىسى ۋە بازارغا بىللە ئېلىپ بېرىپ كۆڭلىنى
ئاچتى، قادىرنىڭ ئايالىمۇ نۇرنىسانى خۇددى ئۆز قېرىن-
دىشىدەك مۇئامىلە بىلەن قىزغىن كۈتتى. كىيىم ـ كېچەك-
لىرىنى قارارلىق يۇيۇپ كېيگۈزدى. چاچلىرىنى تاراپ قوي-
دى. ئائىلىدىكىلەرگە نۇرنىسا كۈندىلىك تۇرمۇشتا بەزى
كۆڭۈلسىزلىكلەر ۋە ئاۋارىچىلىقلارنى كەلتۈرسىمۇ ئېغىر
ئالمىدى. ئىككى يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدىلا ئۇنىڭ
نېرۋىسى ياخشىلىنىپ ئۆز تۇرمۇشىنى ئۆزى ئورۇنلاشتۇرۇپ
كېتەلەيدىغان بولدى.

* * *

شۇنداق، قادىر داۋۇتنىڭ ياشلىقىنىڭ باھاسىز قىران
چاغلىرى مىللەت، خەلق، قېرىنداشلارغا بەخت يارىتىش يو-
لىدا ئىزدىنىش بىلەن ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ياشلىق
باھارىدا ياراتقان ئاشۇنداق مۆجىزاتلىرى بىلەن ئەل ئى-
چىدە بېشىنى ئېگىز تۇتۇشقا ھەقلىق. چۈنكى ئۇ ياشلىق شى-
جائىتىنى مۇشۇ زېمىندا ياشاۋاتقان خەلق مەنپەئەتىگە بې-
غىشلىغان.

بىز ئۇنىڭدىن مۇخبىرغا خاس قاتمال سوئال سورىدۇق:
— ياشلىق باھارىڭىزنى ئەل ئۈچۈن تەقدىم قىلغانى-
كەنسىز، ئۇنىڭ بەدىلىگە سىز قانچە قېتىم مۇكاپاتلاندىڭىز؟
— مۇكاپات دەمسىلەر؟ مەن يۇرتۇمدىكى كىشىلەرنى
ياخشى كۆرگەنلىكىم ئۈچۈن ئۇلارغا ئۆزۈمنى بېغىشلىدىم.

مېنىڭ كۆتكىنىم پەقەت كىشىلەرنىڭ ماڭا بولغان ئىشەنـ
چىسى ئىدى، مەن ئۇلارغا ئازغىنا ئەرزىمەس ئىشلارنى قىـ
لىپ بېرىۋىدىم، كۆتكىنىمدىن ئارتۇق مۇكاپاتقا، كىشى ئاـ
سانلىقچە ئېرىشكىلى بولمايدىغان باھاسىز مۇكاپات — قەـ
دىرلەشكە ئىگە بولدۇم. مەن ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ ئىشەنچ،
ھۆرمەت ۋە قەدىرلىشىدىن ئارتۇق بەخت، مۇكاپات يوق!

بۇ جاراڭلىق خىتاب — مۇشۇ زېمىندا قان-تەرى، ھالال مېھـ
نەت مېۋىسى ۋە ياشلىقىنى خەلققە تەقدىم قىلغان بىر كىـ
شىنىڭ مۇھەببەت قەسىدىسى.



# تاپشۇرۇق

— نېمە قىلىۋاتىسەن، قىزىم، تاپشۇرۇقلىرىڭنى ئىشلەپ تۈگەت، ئەتە تەتىل مۇددىتىڭلار توشىدۇ،— دېدىمەن گېزىت ئۈستىگە بىر مۇنچە شېغىل تاشلارنى تۆككۈۋېلىپ، پۈتۈن زېھنى بىلەن ئۇنى ساناپ، نېمىلەرنىدۇر قەغەزگە يېزىپ ئولتۇرغان قىزىمغا قاراپ.

— تاپشۇرۇق ئىشلەۋاتىمەنغۇ، ماما.

— شېغىل تاشلارنى ئويناۋېتىپ، تاپشۇرۇق ئىشلىدىم، دەيسەنغۇ؟ تاشلا دەيمەن ئۇنى! بۈگۈن كەچ تاپشۇرۇقلىرىڭنىڭ ھەممىسىنى تەكشۈرىمەن جۇمۇ؟!

— تەكشۈرسەڭ مەيلىڭ. ماۋۇ تاپشۇرۇقۇمنى ئىشلەپ پۈتتۈرمىسەم بولمايدۇ. دەرسلىك تاپشۇرۇقلىرىمنى ئىشلەپ تۈگەتكەنگە ھەپتە بولدى.

— ئەمىسە، نېمە تاپشۇرۇقكەن بۇ؟

— كەچقۇرۇن بىلىسەن،— دېدى مېھائىكىزات بېشىنىمۇ كۆتەرمەستىن. شۇ كۈنى ئىشتىن قايتىپ بېرىپ ئۆيگە كىرىشىمگىلا، ئۇ چىرايلىق قاتلانغان بىر ۋاراق قەغەزنى ماڭا چىقىرىپ تەڭلىدى.

— مە، ماۋۇ تاپشۇرۇقۇمنى...

ئۇنىڭغا مۇنداق يېزىلغانىدى:

«دادام ماڭا ئۈچ يېرىم يىلدىن بۇيان بەرگەن كۈن-
دىلىك خىراجەت 162 يۈەن ئۈچ مو، ئېلىپ بەرگەن دەپ-
تەرنىڭ پۇلى 53 يۈەن سەككىز مو، تۆلىگەن كىتاب پۇلى
52 يۈەن بىر مو، ئېلىپ بەرگەن قەلەم، رەڭ 39 يۈەن
60 پۇڭ، ئېلىپ بەرگەن سومكا 28 يۈەن 50 پۇڭ، بەدەل
پۇلى، ئىستراخوۋانىيە پۇلى 32 يۈەن، جەمئىي 368 يۈەن
ئۈچ مو.»

مەن ئۇنىڭ بۇ ھېساباتىغا قايىللىق، سۆيۈنۈش، ھەي-
رانلىق ئىچىدە خېلى ئۇزاققىچە قاراپ قالدىم.

— قېنى، دەپ باقە، قانداق ھېسابلىدىڭ؟

— سۆزلەپ بېرەي، قاراپ تۇر!

ئۇ تۆت تال كونۋېرتنى ئېشكاپ تارتمىسىدىن ئې-
كېلىپ ماڭا زىغىرلاپ چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى:

— بۇ، سەن ماڭا ئېلىپ بەرگەن دەپتەر ھېسابى،
بۇ قەلەم، رەڭ، ئۆچۈرگۈچ ھېسابى، بۇ كىتابىنىڭ، سومكى-
نىڭ ھېسابى، بۇ، كۈندىلىك خىراجەت ھېسابى. مەن سەن-
دىن بىر مو خىراجەت ئالسام كونۋېرتقا بىر تال شېغىل
تاشلىدىم. سەن بىر دەپتەر، بىرەر قەلەم، ئۆچۈرگۈچ، رەڭ ئې-
لىپ بەرسەڭ، بىرەر كىتاب ئېلىپ بەرسەڭ، بەدەل پۇلى تۆلىسەڭ،
سومكا ئېلىپ بەرسەڭ ھەر بىر مو پۇل ئۈچۈن ھەر بىر ھې-
ساب خالتىسىغا بىر تالدىن شېغىل تاشلىدىم...

مېنىڭ كاللام ۋىللىدە يورۇپ، ئۇنىڭغا بىرەر تال قە-
لەم، دەپتەر ئېلىپ بەرسەم، قانچە پۇلغا ئالدىڭ، دەپ
ماڭا سايىدەك يېپىشىۋالغانلىقىنىڭ سىرىنى ھازىرلا
چۈشەندىم.

— بىرىنچى يىللىقىنىڭ بىرىنچى مەۋسۇمىدا بۇ ئىش

يادىمغا كەلمەيتىكەن، مەن بىرىنچى يىللىقنىڭ 2 - ئوقۇش مائۇسۇمىغا قەدەم باسقان تۇنجى كۈنى سىنىپنىڭ «ئوبدان قىزىم، ياخشى ئوقۇ، چوڭ بولغىنىڭدا سىنى جاپا تارتىپ ئوقۇتقىنىمنىڭ ھېسابىنى ئالىمەن» دېگەن گېپىنىڭ بىلەن ھېساب بېرىشىمدىن قورقۇپ مۇشۇنىداق ھېسابلىغانتىم، بىرىنچى يىللىقنىڭ بىرىنچى مائۇسۇمىدا ھېسابلىيالماپتىمەن. ئۇكام ئابدىخېۋىر 1 - سىنىپقا كىرگەندىن كېيىن، 1 - مائۇسۇمدا ئۇنىڭغا قىلغان خىراجىتىمنى ئۆزەمگە ھېسابلاپ قويدۇم.

ئۇ، ھېسابات قەغىزىنىڭ بىر بۇرجىكىگە مۇنۇلارنى يېزىپ قويۇپتۇ:

«دادام ئىككى بالىنى پۇل خەجلەپ ئوقۇتتى، لېكىن ئۇلار ياخشى ئوقۇيالماي ئىشسىز قالدى. ئۇكام بىلەن مېنى ئوقۇتۇۋاتىدۇ. سىڭلىم شاھزادەم ئۇچۇن ھەر ئايدا باغچىغا 23 يۈەن تاپشۇرىدۇ. دادامنىڭ يۈكى ئەجەب ئېغىر - ھە؟! مەن چوقۇم ياخشى ئوقۇپ، جەمئىيەتكە يارامىلىق ئادەم بولىمەن...»

مەن كۆز چاناقلىرىمدا لىغىرلاپ قالغان ياش تامچىلىرىنى ئۇنىڭدىن يوشۇرۇش ئۇچۇن يان تەرىپىمگە قارىۋالدىم ۋە ھاياجىنىمنى ئاران بېسىۋېلىپ دېدىم:

— يارايسەن، قىزىم، بۇ ھېساباتىڭنى يەنە داۋاملاشتۇرۇپ قوي، شۇغىنىسى ئۇچ يېرىم يىلدىن بېرى كېيىگەن كېيىمىڭنى، يېگەن تاماقىڭنى ھېسابلاپ قويماپسەن، - دېدىم مەن مەسىلىكىم كەلگەن ھالدا چاقچاق ئارىلاش.

ئۇ ئالۇچىدەك رەڭدار ۋە نېپىز لەۋلىرىنى سەدەپتەك چىشلىرى ئاستىغا ئېلىپ، ۋېللىدە قىزاردى ۋە ھازىرلا

ئۇچىسىدىكى كىيىم — كېچەكلىرىنى سالدۇرۇۋېلىشىمىدىن ئەنـ
سىرىگەندەك پىلاتىنىنىڭ پېشىنى ئىختىيارسىز غىجىملىدى.

مەن خىتاب قىلدىم: ئېھ بالىلار! سىلەر، ھازىر ماي
ئىچىدىكى بۆرەكتەك ئارمىنىسىز ياشاۋاتىسىلەر، بىلىم باغـ
چىسى سىلەرگە تەئەللۇق. جەمئىيەت، ئاتا - ئانىلار بىلىم
ئېلىشىڭلار، كېلەچىكىڭلار ئۈچۈن ئىقتىسادىي جەھەتتىكى
ئېغىر يۈكنى كۆتۈرۈۋاتىدۇ. ئۇلار تۆككەن ھالال تەرلى
سىلەرمۇ ھېسابات قىلىپ كۆردىڭلارمۇ؟ سىلەر پارتىيە، ۋەـ
تەن، خەلق، جەمئىيەت، ئاتا - ئانا ئۈمىدىنى ئاقلاش يوـ
لىدا قانچىلىك كۈچ سەرپ قىلىۋاتىسىلەر؟

بۇنى ھېسابلاپ قويۇش، ئەقىدە، مېھنەتنى كۆڭۈلگە
پۈكۈش — ھەر بىرىڭىزنىڭ مۇقەددەس بۇرچى ئەمەسمىدۇ؟

1991 - يىل، فېۋرال، مارالبېشى.



# مېيىپ ناخشىسى

«ئادەملەر سىلەر ئۆز كۈچۈڭلارغا تايىنىڭلار!»

«ئۇلۇغ ئارزۇ-تىلەكلەر — كاج تەقدىرنى كۈلۈپ تۇ-
روپ كۆتۈۋالىدۇ، ئىرادە — ھەسسىلەپ باتۇرلۇق كۆرسىتىپ،
كاج تەقدىرگە تاقابىل تۇرۇشتا ئىپادىلىنىدۇ، ياش دوست-
لار، سىلەر ئوڭۇشسىزلىق ۋە بەختسىزلىككە يولۇققانىدا،
ھەرگىز تەركىي دۇنيا بولۇپ كەتمەي، روھىڭلارنى ئۇرغۇ-
تۇپ ھاياتنى قىزغىن سۆيۈڭلار!»

ئىلھامجان سىيىت ئالىملار ۋە ئەدىبلەرنىڭ بۇ سۆز-
لىرىنى ھەر قېتىم ئوقۇغىنىدا، چوڭقۇر تەسىرلىنىپ ھاياجان-
لىنىدۇ. ھەقىقەتەنمۇ ئولتۇرسا قوپالمايدىغان، قوپسا ماڭال-
مايدىغان ئىلھامجاندەك يۈرىكى لەختە-لەختە زەردابقا
تولغان بىر مېيىپ ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇنىڭدىن يۈكسەكرەك
مەنىۋى زوقنىڭ بولۇشى ناتايىن. شۇڭا ئۇ نېمىشقىمۇ سۆ-
يۈنمىسۇن دەيسىز!

## پېشكەلچىلىك

1977 - يىلى 10 - ئايدا، ئۇدا ئۈچ كۈن ياغقان يام-
غۇر يەر يۈزىنى پاتقاق قىلىۋەتكەنىدى. ئىلھامجان سىنىپتىن
چىقتى - دە، مەكتەپ قورۇسىدىكى ئۆيىگە قاراپ ماڭدى،
ئۇ ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى پەلەمپەيگە چىقىۋېتىپ تېيىلىپ

يىقىلدى ۋە ئورنىدىن تۇرالماي ۋارقىرىۋەتتى. ئۆيدە كەچـ
لىك تاماق ئېتىۋاتقان ئانا ئۇنىڭ ۋەھىمىلىك ئاۋازىنى
ئاڭلاپ يۈگۈرۈپ چىقتى:

— نېمە بولدۇڭ، بالام؟ — دېدى جىددىيلەشكەن ھالدا.

— تېيىلىپ يىقىلىپ چۈشۈپ پۇتۇم ئاغرىپ، ماڭالماي ـ
ۋاتىمەن.

— ئاپلا ھۆلچىلىكتە پېيىڭ تارتىشىپ قاپتۇ ـ دە، بالام!

كەچتە ئەلھامجان تامىقىنى يەۋالغاندىن كېيىن، ما ـ
تېماتىكىدىن بېرىلگەن تاپشۇرۇقلارنى دوم يېتىۋېلىپ ئىش ـ
لەشكە باشلىدى. ئانا ئوغلىغا مىختەك تىكىلىپ ئۇزۇنغىچە
قاراپ قالدى ۋە خىيالغا چۆمدى.

ئەلھامجان 1966 ـ يىلى مارالبېشى ناھىيە بازىرىدا
خىزمەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان بولۇپ، بەش يېشىدىلا مەكـ
تەپكە چىقىپ، ئانىسى ئۆتكەن دەرسلەرنى ئاڭلاشقا كىرىشتى.
1973 ـ يىلى ناھىيىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ قارمىقىدىكى
باشلانغۇچ مەكتەپكە ئوقۇشقا كىردى. ئۇنىڭ كەچىكىدىنلا تېنى
ئاجىز بولغاچقا، ئوقۇتقۇچىسى ۋە ساۋاقداشلىرى ئۇنى ھەمىشە
دېگۈدەك سىنىپقا يۆلەپ ئەكىرىپ، پارتا ئۈستىگە كۆتۈرۈپ
ئېلىپ ئولتۇرغۇزۇپ قوياتتى. ئەمما ئۇ، قاتتىق تەلەپ قو ـ
يۇپ، بوش ۋاقىت تاپسىلا كىتاب، گېزىت ـ ژۇرنال ئوقۇ ـ
دى، دەرس تەكرارلىدى، ساۋاقداشلىرى بىلەن تېپىشماق
تېپىش ئويۇنى ئوينىدى. خەتنى چىرايلىق ۋە توغرا يېزىش ـ
نى مەشىق قىلدى. ئۇنىڭ ئائىلە تاپشۇرۇقلىرىنى قېتىرقى ـ
نىپ ئىشلەش، بېرىلىپ، جاپالىق ئۆگىنىش روھى سىنىپتى ـ
كى باشقا ساۋاقداشلىرىغا ئۈلگە كۆرسەتكەچكە، ئۇ تېزلا

كۆزگە كۆرۈنۈپ، پىئونېرلار ئەترىتىگە ئەزا بولدى. يەتتە قېتىم ماددىي بۇيۇملار بىلەن مۇكاپاتلاندى. مانا شۇ تاپتا ئۇ، 4- سىنىپتا ئوتتەك قىزغىنلىق بىلەن ئوقۇۋاتاتتى...

ئەتىسى ئىلھامجان چۆچۈپ ئويغانىدى - دە، مىدىرلىيالماي قالدى. دېرىزىدىن چۈشكەن ئەتىگەندىكى قۇياشنىڭ شولىسى ئۇنى خېلى ئالدىرىتىپ قويغانىدى. ئۇ ئانىسىغا مەكتەپكە بارىدىغانلىقىنى ئېيتتى، ئانىسى ئۇنى ئارام ئېلىشقا ئارانلا كۆندۈردى، لېكىن، ئانا قەلبىنى ئاشۇ مىنۇتتىن باشلاپ چىدىغۇسىز ئەلەم، غەم - قايغۇ ۋە ئۈمىدسىزلىك چىرمىۋالدى.

## شىپالىق ئىزدەش

1980- يىلى 1- ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى ئىدى، شاڭخەينىڭ قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ھەيۋەتلىك ئېگىز بىنالىرى ۋە ماشىنىلار موكىدەك ئۆتۈشۈپ تۇرغان ئازادە كوچىلىرىنى ئاقۇش تۇمان قاپلىغان بولۇپ، شىۋىرغان سوغۇق ھۇشقۇيىتاتتى. ئىلھامجان ئۆزىنى ھاياشلاپ، تەرلەپ پىشىپ پۇيىز ئىستانسىسىغا ئېلىپ كېتىۋاتقان دادىسىغا دېدى:

— دادا، تازىمۇ قىيىنىلىپ كەتتىڭ - ھە؟! مەن ساڭا ئۆمۈر بويى يۈك بولۇپ قالارمەنمۇ؟

— بالام، - دېدى ئۇنىڭ دادىسى ئۆزىنى ئارانلا بېسىۋېلىپ، - كۆڭلۈڭنى ھەرگىزمۇ يېرىم قىلما!

دادىسىنىڭ بۇ سۆزلىرى ئۇنىڭ ئەپسۇسلۇقتىن چاڭقىغان كۆڭۈل باغلىرىنى سۇغىرىپ، تەشنالىقنى قاندۇرسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ زەرداب سىرغىپ چىقىۋاتقان قەلبىدىكى ئازابىنى پەسەيتەلمەيتتى.

ئۇ پويىزغا ئورۇنلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، خىيال سۈـ
رۈشكە باشلىدى:

... ئىلھامجان بىر يېتىپ قالغان پېتى ئىككى پۇتى
دەسسىيەلمەيدىغان ھېيىپ بولۇپ قالدى، ئاتا-ئانىسى يىـ
راق - يېقىنىدىكى دوختۇرخانىلارغا ئېلىپ بېرىپ، تەكشۈرتـ
تى، داۋالاتتى، قولىقى ئاڭلىغانىنىڭ ھەممىسىنى قىلدى،
لېكىن، ئۇنۇم بەرمىدى، ئىلھامجانغا بۇ ئالەم تار بىلىنىپ،
يۈرىكىنى بىر خىل ئاچچىق ئەلەم قامىغانىدەك تۇيۇلدى.
بەزى چاغلاردا كېچىسى چۈشىدە گۈزەل مەنزىرىلىك جايـ
لارنى ساياھەت قىلىپ ئويغىنىپ كەتسە، ھېيىپلىكىنى ئېسـ
گە ئېلىپ ھەسرەتلىنىپ، ئىختىيارسىز ئاچچىق ياش تۆكتى.
تەقدىرنىڭ بۇ قىسمىتىدىن ئۆكۈندى، كېيىن ئىلھامجاننىڭ
دادىسى ئۇنى شاڭخەيگە داۋالىنىشقا ئېلىپ باردى. ئۇ،
«خۇڭسەن»، «ئۇزۇن سەپەر» قاتارلىق دوختۇرخانىلاردىـ
كى ئاتاقلىق دوختۇرلارنىڭ تەكشۈرۈپ ئالتە ئاي داۋالىـ
شىغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن، ئۇنىڭ كېسىلى «ئولتۇرـ
غۇچ نېرۋىلارنىڭ ھەرىكەتتىن توختىشى» بولۇپ ئېنىقلىـ
نىپ، داۋالاش ئۈنۈم بەرمىدى. شۇنداق قىلىپ، مانا شۇ
كۈنى ئۇلارنىڭ ھەممە ئۇرۇنۇشلىرى كۆپۈككە ئايلىنىپ،
ئىلاجىسىز قايتىپ كېلىشكە مەجبۇر بولغانىدى...

ئىلھامجان سېيىت شۇلارنى بىرمۇ بىر ئويلىدى ۋە دوخـ
تۇرلارنىڭ «بۇ خىل كېسەل ساقايمايدۇ» دېگەن سۆزلىرىنى
ئەسلەپ ئۈنسىز يىغلىدى.

## مەستانە

كەچلىك تاماق ۋاقتى ئىدى. ئىلھامجان ئانىسى

ھېلىلا ئەكىرىپ بەرگەن گېزىتنى باش كۆتۈرمەي ئوقۇۋاتاتتى.
— تامىقىڭنى يەۋال، — دېدى ئانىسى ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇلغان تاماق جوزىسىغا بىر چىنە ئاشنى قويۇپ، — بولدى، بالام شۇ گېزىتكە چاپلىشىۋالسەن، كېيىن ئوقۇساڭمۇ بولىدىغۇ؟
— ماقۇل، — دېدى ئۇ بېشىنىمۇ كۆتەرمەستىن، لېكىن ئۇ، تامىقىنى سوۋۇتۇپ قويدى.
— ھەمىشە مۇشۇنداق قىلىسەن، قاچانمۇ تۈگەر، سېنىڭ مۇشۇ ئادىتىڭ؟ — دېدى ئانىسى كايىش تەلەپپۇزىدا، — سالامەتلىكىڭگە تەسىر يېتەرمىكىن دەيمەنا، جېنىم بالام.
— كىتاب، گېزىت — ژۇرنال ئوقۇسام، خۇشال بولىدىغانلىقىمنى ئۆزۈڭمۇ بىلىسەن، — دېدى ئىلھامجان ئانىسىغا، — دۇنيادا ئۆتكەن تالاي مەشھۇر ئالىملارمەندىن نەچچە ھەسسە قىيىن ئەھۋالدا تۇرۇپمۇ ئۆگىنىشنى تاشلاپ قويمىغان.
ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇنداق تالاش — تارتىشلار ھەمىشە بولۇپ تۇراتتى.
ئىلھامجان شاڭخەيدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئاتا — ئانىسى ئۇنىڭغا رادىئولۇق ئۇنئالغۇ ۋە تېلېۋىزور ئېلىپ بەردى، خېلى كۆپ گېزىت — ژۇرناللارغا مۇشتىرى بولۇپ بەردى، تۈرلۈك كىتابلارنى سېتىۋېلىپ، ئەكىلىپ بەردى. مېيىپلار، گاس — گاچىلارنىڭ ئىش — پائالىيەتلىرى ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان كىنو، تىياتىرلارغا ئېلىپ باردى. ئۇ، جاڭخەيدى ۋە غۇلجىلىق ئۆسمۈر بالا ئابدۇش ۋەرنىڭ ئىش ئىزلىرى تونۇشتۇرۇلغان «نۇرلۇق ھايات يولى»، «ئۆز تەقدىرىنىڭ خوجايىنى» ۋە ئالىم

لار، ئەدىبلەرنىڭ تەرجىمىھالى قاتارلىق كىتاب ۋە ماقالىلەرنى ئوقۇپ، ئۆزىنى ئۇلارغا سېلىشتۇرۇپ، يېگىلمەس مەنىۋى كۈچكە تولدى، ھاياتقا چوڭقۇر مۇھەببەت باغلاپ، ئۈمىدۋار ياشاشقا ئىرادە تىكلىدى. قەلبى تۇرمۇشقا، كەلگۈسىگە تەلپۈنۈپ تۇرىدىغان ئىرادە ئىگىسىگە ئايلاندى.

ئۇ شۇنداق قىلىپ، بەش يىلدا 700 پارچىدىن ئارتۇق ھەر خىل كىتاب ئوقۇپ، كىتابنى دوست تۇتقان «مەستانە» گە ئايلاندى.

## ئىجاد ئىشقى

— ئاكا، سىزنىڭ «ياشلىق دەۋر» دېگەن شېئىرىڭىز «قەشقەر گېزىتى» گە بېسىلىپتۇ. مانا، قاراڭ، — ئىلھامجاننىڭ ئىنىسى شۇنداق دېگىنىچە كىرىپ كەلدى. ئىلھامجان شېئىرىنى گېزىتتىن كۆرۈپ، خاتىرىسىنى ئالدى — دە، ئەسلى تېكىستى بىلەن سېلىشتۇرۇپ ھوزۇرلاندى.

ئەينى ۋاقىتتا ئاتا — ئانىسى ئۇنىڭ كېيىنكى تۇرمۇشى ۋە ھاياتى توغرىسىدا قايغۇردى. موزدۇزلۇق، رادىئو، ئۈنئالغۇ، تېلېۋىزور، سائەت قاتارلىق ئېلېكتر سايمانلىرىنى رېمونت قىلىشنى ئۆگەتمەكچى بولدى. شۇ كۈنلەردە ئۇ بىر كۈنى كىتاب ئوقۇۋېتىپ، شائىر نۇرمۇھەممەت ئېركىننىڭ بىر پارچە شېئىرىدىكى:

« كەلتۈرەلمەس شېئىرنى ئىلھامى يوق قۇرۇق قەلەم،
شۇ ئېسىل گۆھەرنى بەرگەي بىر خۇشاللىق، بىر ئەلەم » — دېگەن مىسرالار ئۇستىدە چوڭقۇر ئويغا پاتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ھەر كۈنى باشقىلارنىڭ شېئىرلىرىنى يادلىدى ۋە كۆچۈرۈپ، ئۆزگەرتىپ يېزىشنى مەشىق قىلدى، يېزىقچىلىققا ئائىت كىتابلارنى ئەپكەلدۇرۇپ،

شېئىر يېزىشنىڭ قائىدە - قانۇنىيەتلىرىنى ئىگىلىدى ۋە 1983-يىلىدىن بۇيان «يۈرەكتىن ئۇرغۇغان ناخشا»، «بول ئىجادكار ياشلىقتا»، «قەدىرلەيلى ۋاقىتنى»، «ياش دوستۇمغا خىتاب» قاتارلىق 70 نەچچە پارچە شېئىر ۋە 80 نەچچە پارچە شېئىرىي تېپىشماق يېزىپ، بىر قىسمىنى «تارىم» ژۇرنىلى، «قەشقەر گېزىتى»، «شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى»، «قەشقەر ئەدەبىياتى» غا ئەۋەتتى، بۇنىڭدىن يەتتە پارچە شېئىر، 19 پارچە شېئىرىي تېپىشماق ئېلان قىلىندى. ئۇ يەنە 36 پارچە كۈندىلىك خاتىرە، خەلق ماقال-تەمسىللىرىدىن 65 پارچە ۋە بىر قىسىم تەپەككۇر جەۋھەرلىرىنى توپلىدى. خەلق چۆچەكلىرىگە ئاساسەن يازغان «گۈلھەجەر - ئادىل» ناملىق ئوپېرا، ھېكايىغا ئاساسەن ئۆزگەرتىپ يازغان «قاچقۇن» ناملىق كىنو سىنارىيىسى، «ئېلى بىلەن ۋەلى» ناملىق شېئىرىي چۆچەك ۋە ئىككى پارچە مەسەلنى ۋۇجۇدقا چىقاردى.

## سۆھبەت

1986-يىلى 2-ئاينىڭ 9-كۈنى بىز ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىدىكى بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتىگە قاراشلىق قايچا مەھەللىسىگە بېرىپ، ئىلھامجان بىلەن سۆھبەتتە بولدۇق.

— سىزنىڭ «يۇلغۇن»، «يىگناغۇچ بىلەن كېپىنەك» ناملىق ئەسىرىڭىزنى ئوقۇدۇق، خېلى ياخشى يېزىپسىز، بۇ ئىككى پارچە ئەسەرنى يېزىش داۋامىدا تىپىك ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈپسىز.

— يازغۇچى، شائىر دېگەن تۇرمۇشتىن ئايرىلسا، ياپ-

راقسىز دەرەخكە ئوخشاپ قالىدۇ.- دېدى ئۇ، - مەندە تۇرمۇشقا نىسبەتەن ئوي - پىكىر بار، بىۋاسىتە تەسىرات يوق. لېكىن، ئۆزۈمنى ئۆزۈم ماتېرىيالىستىك قاراش بىلەن قايىل قىلالايمەن. دەسلەپتە تۇرمۇش ئۆگەنمەي تۇرۇپ يازالمىدىم. ئاتا - ئانام، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىم مېنى يۇدۇپ، كوچىلارغا، كىنولارغا، ئادەم كۆپ جايلارغا ئېلىپ بارغانىدا جەمئىيەتنى، رېئال تۇرمۇشنى كۆزىتىشكە ھېرىسمەن ئىدىم. يۇلغۇن ھەققىدىكى تېپىشماقنى رادىئودا ئاڭلاتقان يۇلغۇن توغرىسىدىكى ماقالىنى ئاڭلاپ ۋە ئاتا - ئانامدىن سوراپ، يۇلغۇننىڭ خۇسۇسىيىتى، ئالاھىدىلىكى قاتارلىقلارنى پىششىق ئىگىلەپ يازدىم. «يىڭنا غۇچ بىلەن كېپىنەك» ناملىق مەسەلنى كىچىك ۋاقتىمدىكى تۇرمۇشتا ئۆگەنگەنلىرىمگە ئاساسەن يازدىم. ھازىر يېزىۋاتقان كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە فىلىمى «ئويغانغاندا»نى سىزلەرمۇ كۆردىڭىزلار. ئالدى بىلەن مەن ئۇنىڭ پۈتۈن جەريانىنى كاللامدا پىشۇرۇۋېلىپ، ئاندىن يېزىشقا باشلىغانىدىم. قايتا - قايتا تۈزىتىش، ئۆزگەرتىش ئارقىلىق ئالتە ئايدا يېزىپ يېرىملاشتۇردۇم. بۇنى يېزىشتا پەقەت تۇرمۇش ئاساسىغىلا تايىنىۋالسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، يېزىش ئىقتىدارىمنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن كۆپلەپ رەسىملىك ژۇرنال ۋە تېلېۋىزىيە فىلىملىرىنى كۆرۈۋاتىمەن.

— ئەگەر تۇرمۇشتىن پۈتۈنلەي ئايرىلىپ قالسىڭىز ئۇ چاغدا قانداق قىلىسىز؟

— ئادەمدە جۈرئەت بولسىلا ھەممە ئىشلارنى قىلغىلى، ئىجاد قىلغىلى، يازغىلى بولىدۇ. مۇبادا تۇرمۇش ئۆگىنىشتىن مەھرۇم قالسام، «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى»دىن

دېتال تاللاپ، كىنو، تېلېۋىزىيە فىلىملىرىنى يازىمەن. ھا-
زىر بىزدە رىۋايەت، چۆچەكلەرگە ئاساسەن يېزىپ سىنا-
رىيىلەشتۈرۈلگەن فىلىملەر ناھايىتىمۇ ئاز. لېكىن مېنىڭ
ھاياتلىق يولۇمنى كىشەنلەپ تۇرغان بىر توساق بار. بۇ-
مەن ھالقىپ ئۆتۈش تولىمۇ قىيىن بولغان بىر داۋان.
مەن ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈپ ئىجاد قىلسام، ئىز قالدۇرسام
دەيمەن. بىراق دائىم ئولتۇرغان ئادەمنىڭ ئۆمرى تولىمۇ
قىسقا بولىدۇ، چۈنكى ھاياتلىق ھەرىكەتتە. مەن بۇ خىل-
دىكى كېسەلنىڭ ئۆمۈر بويىچە ساقايمايدىغانلىقىنى بىلىمەن.
شۇڭا مەندىكى كېسەلنى سىناق قىلىدىغان ئىش بولسا، ئەڭ
ئاۋۋال ئۆزۈمنى مەلۇم قىلىپ، بارلىقىمنى سىناققا تەق-
دىم قىلغان بولاتتىم. مەن سىناقتا ئۆلۈپ كەتسەممۇ، دۇن-
يادىكى ماڭا ئوخشاش مېيىپلار ئۈچۈن داۋالىنىشنىڭ يولى
ئېچىلىپ، ساقىيىش ئىمكانىيىتى يارىتىلسا شادلىناتتىم.
مەندە ھازىر ئۆمۈرنى ئۇزارتىشنىڭ بىردىنبىر يولى بار.
ئۇ بولسىمۇ تىرىشىپ ئۆگىنىپ ئىجاد قىلىش!

## قەلب خىتابى

ئىلھامجان سىيىتنىڭ: «مەنمۇ ئادەم» تېمىسىدىكى
كۈندىلىك خاتىرە دەپتىرىگە يازغان تۆۋەندىكىدەك ھېسسى-
ياتلىق سۆزلىرى بىزنىڭ يۈرەك تارلىرىمىزنى تىترىتىۋەتتى:
«مەن ئۆزۈمنىڭ مېيىپلىكىگە ئېچىنمايمەن، بەلكى،
باشقا كىشىلەرگە ئوخشاش مەكتەپتە ئوقۇپ، بىلىم ئېلىپ،
ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئىشلەش ۋە جەمئىيەتكە تۆھپە قوشۇش
ئىقتىدارىمنى يوقاتقىنىمغا ھەممىدىن بەك ئېچىنىمەن! لې-
كىن بۇنىڭلىق بىلەن ئۈمىدسىزلىك تورىغا چىرمىلىپ، چۈشە-

كۆنلىشىپ كەتمەيمەن. ئۆزلۈكۈمدىن ئۆگىنىپ، نەتىجە قا-
زىنىشقا تىرىشىمەن...»

«بەزىدە مەندە ھاياتقا نىسبەتەن بىر خىل ئۈمىد-
سىزلىنىش كەيپىياتى تۇغۇلسىمۇ ئۇزاققا بارمايدۇ. چۈنكى
مەن ئوقۇغان كىتابلاردىكى قەھرىمانلار: «ئۈمىدسىزلە-
نىش، ياشاشتىن گۇمانلىنىش — بوغۇزلىنىش ئالدىدىكى
قويدەك بىچارىلىق» دەپ خىتاپ قىلغاندەك تۇيۇلىدۇ.»

«مەن دۇنيانىڭ نۇرغۇن بەختلىرىدىن مەھرۇم بول-
غان بولسامۇ، لېكىن، رەھىمسىز كېسەللىكنىڭ مۇشكۇلات-
لىرىنى يېڭىپ، ئاز - تولا ئىجاد قىلىشتەك بەختتىن مەھ-
رۇم قالمىدىم.»

«كىتاب مەندە ھاياتقا چەكسىز مۇھەببەت، تۇرمۇشقا
قىزغىن ئۈمىد ۋە قەتئىي ئىشەنچ، پۈتمەس-تۈگىمەس جا-
سارەت قوزغاشتىكى زور مەنىۋى كۈچ ۋە ئىلھام.»

«ماڭا ئەركىن ھەرىكەت قىلالماسلىق ئېغىر ئازاب
بولسىمۇ، كىتاب ئوقۇيالىشىم، خەت يازالىشىم، سۆزلەش،
ئويلاش سېزىمىمنى ئىشلىتەلىشىم مەن ئۈچۈن بەخت ۋە
ئەركىنلىكتۇر.»

«مېيىپلارمۇ ئادەتتىكى ئادەملەرگە ئوخشاشلا ئادەم!
ئۇلارمۇ قەتئىي نىيەتكە كېلىپ ئۆگەنسە، ئىزدەنسە، ساق
ئادەملەرگە ئوخشاشلا ئىجاد قىلالايدۇ، ئاجايىپ زور مۇۋەپ-
پەقىيەتلەرنى قازىنالايدۇ، تېخى ئۆز ئەجرىنىڭ مېۋىسى-
دىن لەززەتلىنىپ كۈلەلەيدۇ.»

«مەن ئورنۇمدىن تۇرماقچى بولۇپ قىمىرلاپ ئۆرۈ-
نۈپ باقتىم - يۇ، تۇرالماي قاتتىق ئازابلاندىم. لېكىن،
ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم ... شۇنداق ... مەندە ئۆ-

زۇمنى تۇتۇۋېلىشتىن باشقا ھېچقانداق چارىمۇ يوق ئىدى. مەن جاپاغا چىداپ ئۆگىنىشىم، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ ئىجاد قىلىشىم كېرەك، دەپ ئويلىدىم ۋە دادام يۆلەپ ئولتۇرغۇزۇپ قويغاندىن كېيىن، قولۇمغا قەلەم ئېلىپ، قەلبىمنى ئىزھار قىلدىم:

.........................

ئاغرىقچان، ئاجىز، پۇتى پاسىاس،
بولساڭمۇ ھېيىپ مەيۇسلەنمە.
ئۆز قىسمىتىڭدىن ئېچىنىپ بەك،
دىل ئەينىكىڭگە داغ تەگكۈزمە.
ئۆزگەرمەس، بۇ تەقدىر ـ قىسمىتىڭ،
ئۇرساڭمۇ تاشقا ئۆز بېشىڭنى.
يوق ھېچ پايدىسى پەرياد چېكىپ،
تۆكسەڭمۇ قاقشاپ كۆز يېشىڭنى.
تىكلە ئىرادە، بول غەيرەتلىك،
تاپ، ئادەملىك قىممىتىڭنى!
ئۆگەن، ئىجاد قىل، شۇڭقاردەك ئۇچ،
ھايا تتىن ئۈزمە پەقەت ئۈمىدىڭنى...!»

1988 ـ يىلى ئەتىيازدا ئۇنىڭ بىزگە يازغان خېتىدە مۇنداق دېيىلگەنىدى:

«سىلەر بىلەن كۆرۈشمىگىنىمگە ئىككى يىل بولدى، ئىجادىيەت يولىدا كۆپ ئىزدەندىم، يەنە ئون نەچچە پارچە ئەسىرىم مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىندى، يېزىشقا باشلىغان كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە فىلىمى يېزىپ تاماملاندى، بىراق، مەن ئاخىرەتكە قىلىۋاتقان سەپەر ھارپىسىدا بۇ

ئەلەم، ھەسرەت، ئۆكۈنۈش ئىچىدە يازغان خېتىمنى قال-
دۇردۇم، ئەسەرلىرىمنى نەشىرگە تەييارلاشقا ياردەمدە بو-
لۇشىڭلارنى تىلەيمەن

ئىلھامجان.»

ئەپسۇس! بەكمۇ ئەپسۇس، بىز خەتنى ئۇنىڭ ھازا
كۆزىدىن بىر ھەپتە كېيىن تاپشۇرۇۋالغانىدۇق.

مانا! ئۇنىڭ ئۈمىد، گۈزەل ئارزۇلارنىڭ يارقىن شاھىتى سۈپىتىدە بىزگە قالدۇرغان خېتى ياشلىق ئالبومى ئىچىدە، تەۋەرۈك سۈپىتىدە ساقلىنىپ كەلمەكتە. بىر مېيىپنىڭ قەلب ناخشىسى بىزنىڭ قۇلاق تۈۋىمىزدە جاراڭلىماقتا... ئۇنىڭ نەپسى توختىغانغا قەدەر ئۈمىد بىلەن ياشاش روھى بىزنى تەسىرات ئىلكىگە ئالىدۇ.

1986 - يىل 3 - مايدا قەشقەردە يېزىلدى،

1989- يىل 2- فېۋرالدا مارالبېشىدا قايتا رەتلەندى.



# ئادەملەر شۇنداق بولىدۇ

1

1985 - يىلى 8 - ئاينىڭ 17 - كۈنى تۈن نىسپىدىن ئاشقان چاغ. ئابلىز سابىرنىڭ ئايالىنى ھويلىدىكى ئەنسىز دۈپۈرلەشلەر ئۇيقۇدىن بىدار قىلدى، ئۇنىڭ يۈرىكى ئاغزىغا كەپلىشىپ قالغاندەك ئەنسىز سوقۇپ كەتتى. شۇ چاغدا ئۇنى چۈلغىۋالغان قورقۇنچ ھېچنەرسىنى تۇيماي ئۇخلاۋاتقان ئابلىزنى قاتتىق سىلكىپ ئويغىتىشقا مەجبۇر قىلدى:

— قوپۇڭ! ئۆيگە ئوغرى كىرگەن ئوخشايدۇ...

— ھە؟!

ئابلىز سابىر ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، ئىشىككە قاراپ ئېتىلدى، لېكىن ئىشىك سىرتىدىن ئېتىۋېتىلگەنىدى.

2

تېخى ھېلىغىچە ئۇيقۇسى كەلمەي رادىئو ئاڭلاپ، ئەمدىلا ئۇخلاشقا تەمشىلىۋاتقان ئابلىز سابىرنىڭ قوشنىسى ئابدۇكېرىم ئابدۇۋېلى ئۇنىڭ كىشىنى تەشۋىشكە سالىدىغان ئاۋازىنى ئاڭلىدى - دە، دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، ئابلىز سابىرنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا يۈگۈرۈپ چىقتى ۋە مېھمانخانا ئىشىكىنىڭ سىم بىلەن چىرمىۋېتىلگەن زەنجىرىنى ئاجرىتىپ ئىشىكنى ئاچتى. ئاندىن ئابلىز سابىر بىلەن ھويلىغا چىقىپ، قاشا تامدىن ئارتىلىپ چۈشكەن ئوغ-

رىنىڭ ئۈچ ئىشىكىنىڭ قۇلۇپ ۋە زەنجىرىنى بۇزۇپ، ئەغەلدىكى ئالتە تۇياق قوي ـ ئۆچكە ۋە بىر كالىنى ئېلىپ قاچقانلىقىنى بىلدى. ئۇلار دەرۋازا ئالدىغا چىقىپ، بىر قانچە رىزىنكە چاقلىق هارۋا ئىزىنى كۆرۈپ، ئوغرىنىڭ هارۋا بىلەن كەلگەنلىكىنى بىلدى ـ دە، ئارقىسىدىن قوغلاپ ماڭدى؛ 400 ـ 500 مېتر كېلىدىغان ئارىلىققا بارغاندا ئوغرى تاشلاپ قاچقان چارۋا ـ ماللارنى يولۇقتۇرۇپ، بىر يەرگە يىغىپ ساناپ كۆردى، لېكىن ئىككى تۇياق مال كەم چىقتى. ئابلىز سابىر تېپىلغان چارۋىلىرىغا قانائەت قىلىپ، ئوغرىنى قوغلاشتىن ۋاز كەچتى. لېكىن ئابدۇكېرىم ئابدۇۋېلى ئۇنىڭ پىكرىنى رەت قىلىپ:

— ئىككى مالنى ئېلىپ كەتسە قاراپ تۇرامدۇق؟ بىلىپ قويۇڭ، ئوغرى سىزگە قوي بېقىشىپ بەرمىگەن. قوغلاپ كۆرەيلى، ئۇقىمۇ تاشلاپ قاچسا ئەجەب ئەمەس! ـ دېدى.

— بۇ، كېچە تۇرسا، ئوغرى دېگەننىڭ پەيلى بۇزۇق كېلىدۇ. بوپتۇ، ئىككى مال باش كۆزۈمنىڭ سادىقىسى بولۇپ كەتسۇن، بېشىمغا كەلگەن بالا ـ قازا شۇنىڭ بىلەن تۈگەپ كېتەر، خۇدايىم بېرەر، ھەممىسىنى ئېلىپ كەتسە قانداق قىلاتتۇق، ھېلىمۇ ياخشى ئىنساپ قىلىپ بۇلارنى تاشلاپ كېتىپتۇ. ئەتە بىرگەپ بولار، ئىزدىمەيلى ئەمدى، ـ دېدى ئابلىز سابىر.

ئۇنىڭ ياۋاش هەم ساددىلىقىنى ئوبدان بىلىدىغان ئابدۇكېرىم ئابدۇۋېلى ئۇنىڭغا ياردەم قىلىشتىن باش تارتمايتتى. شۇڭا:

— قاراپ تۇرۇپ تەييار مۈلۈكنى هارامزادىلەرگە

بېرىۋەتسەك خۇدا راۋا كۆرمەيدۇ، سەۋدىگەرلىكنىڭ جايىدا بولمىسا، ساۋابى بولمايدۇ... ياش ئادەم دېگەن جۇۋەتسىز بولمايدىغان، يۈرۈك، قوغلايلى، — دېدى — دە، ئارقىسىدىن كەلگەن بېرىسىگە مالنى تاپشۇرۇپ بەردى ۋە ئابلىز سابىرنى ئەگەشتۇرۇپ، ئوغرىنى قوغلاشنى داۋاملاشتۇردى.

ئەتراپ قاپقاراڭغۇ بولغاچقا، ھېچنەرسىنى كۆرگىلى بولمايتتى. ئۇلار سەرەڭگە يورۇتۇپ، ھارۋا ئىزىنى پەرق ئېتەلىگەن بولسىمۇ، ئىككى كىلومېتىر يول مېڭىپ ئوغرىدىن ھېچقانداق شەپە ئالالمىدى، ئابدۇكېرىم ئابدۇۋېلى مۇنداق كېتىۋەرسە نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولالمايدىغانلىقىنى ئويلاپ، ئابلىز سابىرنى داۋاملىق ئىز بېسىپ قوغلاشقا بۇيرىدى. ئۆزى يېقىن ئەتراپتىكى بىر تونۇشىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، بىر ۋېلىسىپىتنى ئالدى — دە، مەھەللە ئارىلاپ يۈرۈپ كەتتى...

ئابدۇكېرىم ئابدۇۋېلى چوڭ يولنىڭ دوقمۇشىغا چىقىپلا، ئېتىنى قامچىلاپ كېتىۋاتقان ئىككى ئادەمگە يولۇقتى. ئۇلارنىڭ ھارۋىسىغا ئەگىشىپ بىردەم ماڭغاندىن كېيىن، ھارۋىدا ئىككى قوينىڭ بارلىقىنى كۆرۈپ، 200—300 مېتىر ئۆزۈپ كەتتى ۋە ۋېلىسىپىتنى توختىتىپ ئات ھارۋىسى يېتىپ كېلىشى بىلەنلا ئالدىنى توستى:

— توختاڭلار!

لېكىن ھارۋىكەش قاچماقچى بولۇپ، ئاتقا قامچا سالدى. ئابدۇكېرىم ئابدۇۋېلى چەبدەسلىك بىلەن ئاتنىڭ چۇلۋۇرىغا ئېسىلدى:

— ئاتنى توختات دەيمەن!

ئات ئۇنى 50 — 60 مېتىر ئارىلىققىچە سۆرەپ باردى.

ئۇ ھارۋىنىڭ شوتىسىغا ئېسىلىپ، ئاخىر ئاتنى توختىتىۋالدى ۋە «چاپسان كېلىڭلار!» دەپ ۋارقىرىدى. ھارۋىكەش ئۇنىڭغا قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ يالۋۇردى. شۇ ئەسنادا ئۇنىڭ ھارۋا ئۈستىدە ئولتۇرغان شېرىكى ھارۋىدىن چۈشۈپ، قوناقلىققا قاچتى. ھارۋىكەش ئاسانلىقچە قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى پەملەپ، ئاتنى بار كۈچى بىلەن دەشكۈللىدى. بۇ چاغدا ئابدۇكېرىم ئابدۇۋېلى ئاتنىڭ تۆش، بەلباغ، جاۋەن بېغىنى يېشىۋەتكەنلىكتىن، ئات «جالاقىدە» ھارۋىدىن چىقتى. ھارۋىكەش دومىلاپ قوپۇپ، ئابدۇكېرىم ئابدۇۋېلى تېخى توختىتىپ ئالالمىغان ئاتنىڭ يايلىسىغا ئېسىلىپ ئاتنى مىنىپ قاچتى. ئابدۇكېرىم ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ يېتىشەلمەي قايتىپ كەلگەنىدىن كېيىن، ھارۋا ۋە ھارۋىدىكى نەرسە - كېرەكلەرنى شۇ ئەتراپتىكى بىر ئۆيگە ئەكىرىپ قويۇپ، مەھەللىسىگە قاراپ يول ئالدى ...

### 3

ئابدۇكېرىم ئابدۇۋېلى يولدا ئابلىز سابىرنى ئۇچرىتىپ ئۆيگە بىرگە قايتتى. قولۇم - قوشنىلار ئابلىز سابىرنىڭ ئۆيىگە جەم بولۇشقانىدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە ئابدۇكېرىم ئابدۇۋېلى يەنە بىر نەچچە كىشىنى ئەگەشتۈرۈپ بېرىپ، ئوغرىنىڭ ھارۋىسى ۋە ئىككى تۇياق قوينى مەھەللىگە قايتۇرۇپ كەلدى.

كىشىلەر ئوغرى توغرىسىدا ھەر خىل پاراڭلارنى قىلىشتى. ئۇلارنىڭ غۇلغۇلىسى ئوخشاش ئەمەس ئىدى، ئايرىم كىشىلەرنىڭ ئاغزى جىم تۇرغىنى بىلەن كۆڭلىدە «ئاجايىپ توغرا ھۆكۈمى» بار ئىدى. لېكىن بۇنداق ھۆكۈمى

بارلار كۆڭلىدىكى «ھۆكۈمى» نى ئۇنىڭغا ــ بۇنىڭغا كۈسۈر-
لاپ، تەسىر دائىرىسىنى خېلىلا چوڭايتىۋەتتى. ئاخىرى بې-
رىپ ئوتتۇرىغا چىقتى:

— «چىراغ تۈۋى قاراڭغۇ» كىم بىلىدۇ، ئوغرى يې-
قىندىن چىقامدۇ تېخى.

— راست، بۇمۇ يوق گەپ ئەمەس.

— ئوغۇرلۇقنى ئۆزى قىلىپ، شېرىكلىرىنى يولغا سېلىپ
قويغاندىن كېيىن، قوغلاپ قويۇپ ئۆزىنى پاك قىلامدۇ، بۇنى
خۇدا ئۆزى بىلىدۇ.

بۇ گەپ بىر دەمدىلا ئابدۇكېرىم ئابدۇۋېلىنىڭ قۇ-
لىقىغا يەتتى. ئۇ ھاڭ-تاڭ بولدى، غەزەبلەندى، تىت-
تىت بولدى. قانداق قىلغۇلۇق؟ قوشنىدارچىلىقنىڭ يۈز-
خاتىرىسىنى دەپ قىلغان خالىس ئىش مۇشۇنداق ئاقىۋەت
كەلتۈرسە، بۇ قانداق بولغىنى؟!!

ئۇ، بۇنىڭ بىلەن مەيۈسلىنىپ قالسا بولمايتتى. ئۇ
تېخىمۇ قەتئىيەتكە كەلدى، ھەقىقەت ھامان
ھەقىقەتتۇ؟!

ئابلىز سابىرنىڭ نەزىرىدە ئەمدى ئوغرىنى تۇتۇش
ۋە ئېنىقلاش ھاجەتسىز ئىدى، چۈنكى، ئۇ جاپا تارتىسمۇ
مال-مۈلكىنى سالامەت ئەسلىگە كەلتۈرۈۋالدى. ئەمما،
ئابدۇكېرىم ئابدۇۋېلىغا مانا ئەمدى پۈتۈنلەي ئۇنىڭ ئەك-
سىچە ئىش قىلىشقا توغرا كەلمەكتە ئىدى.

ئۇ، ھېلىقى قاچقان ئوغرىنىڭ ئېتىدىن ئېلىۋالغان
نوختىنى كۆتۈرۈپ بازارغا باردى. ئۇلاغ بازىرىدا ئايلىنىپ
شۇ خىل نوختا ئىشلىتىدىغان كىشىلەرنى سۈرۈشتۈردى. يول
دوقمۇشىدا تۇرۇپ، ئاتلىق كىشىلەرنى كۆزەتتى. لېكىن

ھېچقانداق ئۈنۈمى بولمىدى ،كۈنى بىكارغا كەتتى. قانداق قىلىش توغرۇلۇق كۆپ باش قاتۇردى. كىشىلەرنىڭ ھېلىقىدەك گەپلىرى قۇلىقىغا كىرىۋېلىپ، مېڭىسىنى يېگەندە، ئوغرىنى تۇتۇشقا تېخىمۇ بەك ئالدىرىدى. ئۇ، ئوغرىنى ئۆزىنىڭ تۇتۇۋېلىشىنى، ھېلىقىدەك كىشىلەرگە ئوغرىنىڭ كىملىكىنى كۆرسىتىپ مات قىلىشنى تەقەززالىق بىلەن كۈتتى. كەچتە ئۇ، مەھەللىدە بېشى چۈشكەن، خىيالچان ھالدا كېتىپ باراتتى. سۇغا چىققان ئاياللاردىن بىرسى خىيالىنى بۆلدى:

— مەن سىزنىڭ ئابلىز سابىرغا شۇنچە كۆيۈنۈپ كەتكەنلىكىڭىزنى كۆرۈپ، ھەر نېمە بولسا قوشنىدارچىلىقنىڭ ھەققىي — ھۆرمىتىنى يەتكۈزدى، دەپ خۇشال بولغانكەنمەن. ئاڭلىسام ئەسلى گەپ باشقا ئىكەن - ھە؟ راستمۇ؟

— نېمە دېدىڭىز؟ نېمە دېمەكچىسىز؟

— نېمە دېمەكچى بولغانلىقىم مەن دېمىسەممۇ سىزگە چۈشىنىشلىكقۇ؟

— نېمە چۈشىنىشلىك؟

— ئابلىز سابىرنىڭ ئايالى بىلەن چاتىقىڭىز بارلىقىچۇ؟

— تۆھمەت قىلماڭ!

— ھىم، خەق شۇنداق دەيدىغۇ؟ چاتىقى بولمىسا خەقنىڭ ئىشىغا شۇنچىۋالا كۆيۈنۈپ كېتەمدۇ؟ ئەسلى شۇ خوتۇنىنى دەپ قىلىۋاتقان ئىش بۇ، دېگەن گەپ خېلى كۆپ. مەندىن كۆرمەك يەنە؟

بۇ ئىشلارنىڭ قايسىسى راست؟! ئەمدى بۇ ئىش ئۈنىڭ

كاللىسىنى تېخىمۇ قوچىدى، تەمتىرەتتى، ئادەملەرنىڭ ئىچ-
كى دۇنياسى نېمىشقا شۇ قەدەر مۇرەككەپ ۋە شۇ قەدەر ئاد-
دىي بولۇپ قالغان بولغىدى؟ بۇ مۇشكۇل سوئالغا ئابدۇ-
كېرىم ئابدۇۋېلى ئاسانلىقچە جاۋاب تاپالمايتتى. ئۇ: خەق
دېگەن بىر ئىشنى ئاڭلىسىلا پايدىسى تەگسۇن - تەگمە-
سۇن، راست - يالغان بولسۇن، ھەر قىسما گەپلەرنى تې-
پىشنى ئادەت قىلىۋالغان، دەپ ئويلايتتى. ئەمەلىيەتتىمۇ
ئۇنىڭغا گەپ تاپقۇچىلارنىڭ قانداق مۇددىئا - مەقسىتى
بارلىقىنى، بۇ مۇددىئا - مەقسىتىنىڭ ئۇلاردا قانداق پەيدا
بولۇپ قالغانلىقىنى بىلمەيتتى. بولۇپمۇ بايىقى ئىش مۇ-
رەككەپ ۋە زىل ئىدى، ئەلۋەتتە. بۇنى ۋاقتىدا ئايدىڭلاش-
تۇرۇۋېتىش كېرەك، بولمىسا چاتاقنىڭ چوڭى چىقىدۇ!

شۇ گەپلەرنى قىلغان كىشىلەرنى رەھبەرلىك بىر يەر-
گە يىغدى ھەم يۈز تۇرانە قىلدى. ئىككى ئائىلە كىشىلىرى
ئەزەلدىن ئىناق ئىدى، ھېلىقىدەك مۇناسىۋەت بولۇشىمۇ
مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا پىتنە - پاساتچىلار، غەيۋەت-
خورلار لەت بولدى.

4

«ئوغرىنى تۇتمىساڭ دېگىنى بىكار گەپ، تەكشۈرگىلى
كەلسە ئابدۇكېرىم بىر ياتا گۆشنى پۇشۇرۇپلا، ساقچىلار-
نىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاپ ئىشنى جۆندەيدۇ.»

ئابدۇكېرىم ئابدۇۋېلىنى ئوغرى دەپ قارىغان گۇمان-
خورلار ئىشنىڭ ئۆزى ئويلىغىنىدەك بولۇپ چىقىشىغا ئىشە-
نەتتى. ئەمما، بۇنىسى ئاخىرى قانداق بولاركىن؟

سېرىقبۇيا پەيچۇسوسى ئوغۇرلۇق ئەھۋالىدىن خەۋەر
تاپقاندىن كېيىن، كادىر - ساقچىلارنى نەق مەيدانغا ئە-

ۋەتتى. ئۇلار نەق مەيداننى تەكشۈرۈپ كۆرگەن بولسىمۇ، لېكىن قولغا چۈشۈرگەن پاكىت بىلەن، جاۋابكارى ئېنىق بولمىغان بۇ دېلونى پاش قىلىش ئاسانغا چۈشمەيتتى. شۇڭا ئۇلار يېقىن ئەتراپتىكى بىر قانچە كەنتنىڭ ئامانلىق مۇدىرلىرىنى يىغىپ، بىرلىكتە چارە - تەدبىر ئىزدىدى. ئۇلار ئۈچ كۈندە 60 كىلومېتىردىن كۆپرەك يول يۈرۈپ، ئالتە كەنت، 29 مەھەللە - گورۇپپىنى ئايلىنىپ ئۆيمۇ ئۆي هارۋا ئىگىسىنى ئىزدىدى، مۇشۇ جەرياندا ئۇلار هارۋىنى ياسىغان ياغاچچى ئۇستىنى ئۇچرىتىپ، ئۇ كىشى ئارقىلىق هارۋىنىڭ چوڭقۇرچاق يېزىسىغا قاراشلىق تاللىق كەنتىدىكى بىر كىشىگە سېتىلغانلىقىنى ئېنىقلاپ، دەسلەپكى يىپ ئۇچىغا ئىگە بولدى. ئابدۇكېرىم ئابدۇۋېلى ساقچىلار ۋە ئامانلىق ساقلاش مۇدىرلىرى بىلەن تاللىق كەنتىگە باردى. بۇ چاغدا تېخى ئوغرىنىڭ كىم ئىكەنلىكىگە تولۇق دەلىل - ئىسپات يوق. شۇڭا كۈچلۈك مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە ئىنچىكە پوزىتسىيە بولمىغاندا، ئوغرىنى قاچۇرۇۋېتىش ياكى پاك ئادەملەرگە قارا چاپلاش ئېھتىمالى بار ئىدى. ئېنىقلاش گورۇپپىسىدىكى خادىملار بۇ مەسىلىنى ئەتراپلىق مۇهاكىمە قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، كەنت سېكرېتارىنى تېپىپ هارۋىنى كۆرسەتتى.

— بۇ هارۋىنى تونۇيالىدىڭىزمۇ؟

— تونۇغاندەك قىلىمەن، - دېدى ئۇ هارۋىنى ئايلىنىپ كۆرۈپ.

— كىمنىڭ؟

— ئوبۇلاخۇنىڭكىغۇ دەيمەن.

— راستىنلا شۇنىڭمۇ؟

— مانا بۇ يەرگە قاراڭلار، — دېدى سېكرېتار ھارۋىنىڭ ياۋىنىدىكى زېدىلەنگەن جايىنى كۆرسىتىپ، — بۇ يەرنى مەن ئۇچكە چېقىپ بۇزۇۋەتكەن. ئوبۇل ئېلىمنىڭ ئېتى ياخشى بولغاچقا بىز مېھماندارچىلىق، يىغىن — سورۇنلارغا بارغاندا مۇشۇ ھارۋىدا باراتتۇق.

ئوبۇل ئېلى تېخى ھېلىلا ئۆيگە كىرىپ كەتكەنىدى، ئۇ ساقچىلارنىڭ كەلگەنلىكىنى تۇيۇپ قالسا ئۆيدىن چىقىپ قاچاتتى — دە، قولغا چۈشۈرۈش تەسكە چۈشەتتى...

ئۇ، تۇتقۇنلى كەلگەنلەرنىڭ ئىشىك ئالدىدىكى ئاۋازىنى ئاڭلاپ جىددىيلەشتى ۋە دەرھال يان ئىشىك بىلەن چىقىپ تىكىۋەتمەكچى بولدى. ئەپسۇسكى، بۇ يەرگىمۇ ئالدىقاچان ئادەم ئورۇنلاشقانىدى.

ئۇنىڭ شېرىكچۇ؟ ئۇ قوناقلىقتا ئۆزىنى يوشۇرۇشقا ئامراق — دە! مەھەللىسىدە سۇ تۇتۇۋاتقان ھەسەن ئاۋۇت ئوبۇل ئېلىمنىڭ قولغا چۈشكەنلىكىنى ئاڭلاپلا، كەڭ كەتكەن قوناقلىق تەرەپكە تىكىۋەتتى، بۇنى بىلگەن 19 كىشى قاتار تىزىلىپ، قوناقلىقنى ئاختۇرۇشقا كىرىشتى. بۇ ئىشتىن خەۋەرسىز تۇرغان ھەسەن ئاۋۇت قويۇق ئۆسكەن كەندىر ئاستىغا سىيلىنغان، ئەدىيال ئۈستىدىن خۇددى قورقۇنچلۇق چۈش كۆرگەندەك ئەندىككەن ھالدا ئىتتىرەپ تۇردى ۋە قولغا چۈشتى.

## 5

ھېلىقى كېچىسى ئۇلار تاشلاپ قاچقان ھارۋىدا تۆت كىشىلىك ئەرەنچە ئاياغ قالغانلىقى كىتابخانلىرىمىزغا تېخى نامەلۇم، بۇ ئىككى نەپەر سوراق ئوبيېكتىمىز گەرچە ئالدىن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئابلىز سابىرنىڭ

ئۆيىگە ئوغۇرلۇققا كىرگەنلىكىنى ئىقرار قىلغان بولسىمۇ،
«ئاياغ ئۆزىمىزنىڭ» دېگەن پىكىردە چىڭ تۇردى. ئوغ-
رى بولغاندىن كېيىن ئاياغنى ئىز يوقىتىش ئۈچۈن كۆپ
ئېلىشۋالغان دېسەك، مەنتىقىغە تامامەن ئۇيغۇن كېلىدۇ.
نۇرغۇن كىشىلەر بۇنىڭغا پەقەت باشقا مۇنازىرە تەلەپ
قىلمايلا قايىل بولىدۇ. ئىككى ئادەم بىرلا ۋاقىتتا تۆت كى-
شىلىك ئاياغنى كىيىشى مۇمكىن ئەمەس دەپ قارىساقچۇ؟
بۇمۇ گۇمانىمىزنى، بولۇپمۇ مۇددىئايىمىزنى ھەل قىلىشتا
پۇت تىرەپ تۇرالىغۇدەك باشلىنىشقا يول ئېچىپ بېرەلىشى
ناتايىن. بىز ئەقلىمىزنى ئىشلىتىدىغان بولساق يەنە بىر
ئىش تۇرۇپتۇ. ئۇ بولسىمۇ، ئاياغ بىلەن پۇتنىڭ چوڭ-
كىچىكلىك پەرق مەسىلىسى. جىنايەتنى چوڭقۇر تەكشۈرۈپ
بېكىتكەندە، ھەق بىلەن ناھەق ئايرىلىشىپ كەتمەيدۇ. شۇڭا
چوڭقۇرلاپ بېقىش كېرەك. بۇنىڭ بىلەن جىنايەتچىنى ئې-
غىر جازالاپ قويۇش ياكى يەڭگىل بىر تەرەپ قىلىپ قو-
يۇشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

ئۇزۇن يىللىق ئەمەلىي خىزمەت تەجرىبىسىگە ئىگە
سېرىقبۇيا پەيچۇسونىڭ باشلىقى ئېلى جېلىل يۇقىرىدىكى
نۇقتىلارغا ئالاھىدە دىققەت بىلەن قارىدى. سايىمنى كۆمۈپ
يوقاتقىلى بولمىغاندەك ئۇلار پاكىتتىن ئۆزىنى قاچۇرالمى-
دى. ئەسلى ئىش مۇنداق بولغان: ئوبۇل ئېلى بىلەن ھە-
سەن ئاۋۇت 6- ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى مەھەللىسىدىن
ئون نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى مارالبېشى ناھىيە سې-
رىقبۇيا بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتىگە تەۋە بەشتۇپ 16-
كەنت تەۋەسىدە قىمار ئويناش ئۈچۈن بېرىپ، ئاخشىمى گو-
گۇم چۈشكەندە ئابلىز سابىرنىڭ ئىشىك ئالدىغا كېلىپ

قالغان ۋە ئايالىغا: « بازاردىن كەچ قالدۇق، ئىپتار قىلىشقا ئازراق سۇ بەرسىڭىز » دېگەن. ئايال سۇ ۋە نان بەرگەن پۇرسەتتە ئۆي ئەتراپىنى كۆزىتىۋالغان. بۇنداق كۆزىتىش مەقسەتلىك ئىدى. چۈنكى ئۇلار باشقىلارنىڭ ھالال مال ـ دۇنياسىغا ھارام قوللىرىنى سوزۇپ، ئېھتىياجىنى، ئارزۇلىرىنى قاندۇرىدىغان، كىشىلەرگە قورقۇنچ ۋە مالامەت كەلتۈرىدىغان كىشىلەر ئىدى؛ شۇنداقلا، تەۋەككۇللۇك، قاراملىق، قارانىيەتلىك ئۇلارنىڭ قان ـ قېنىغا سىڭىپ كەتكەن ئىللەت ئىدى! ئۇلار قانچىلىغان پاك كىشىلەرنى قاقشاتقىنى ئويلىمايدۇ، ۋىجدانى ئازاب چېكىشنى بىلمەيدۇ. قىسقىسى، باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنمەيدۇ. مانا شۇ چاغدا يەنىلا ئۇلار ئادەملىك غۇرۇرىنى يوقاتقان ھالدا ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشنى مەقسەت قىلىپ، قان تولغان ئەسەبىي كۆزلىرىنى تىكىپ، ئابلىز ساپىرنىڭ ئۆيىگە ئوغۇرلۇققا كىرىشنى كۆڭلىگە پۈككەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار توختى ۋە ئاۋات بازىرىغا تەۋە 10- كەنتتىكى ئىسلام قاتارلىق كىشىلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئىككى ھارۋىغا ئولتۇرۇپ، تۈن نىسپىي بىلەن ئابلىز ساپىرنىڭ ئۆيىگە ئوغۇرلۇققا بارغان ۋە ئوغۇرلىغان قوي ـ ئۆچكىلەرنى ئىككى ھارۋىغا ئۆچتىن بېسىپ، كالىنى ھارۋىنىڭ ئارقىسىغا باغلاپ ماڭغانىدى. ئۇلار ئابلىزنىڭ ئۆيىدىن ئانچە ئۇزىمايلا، تۇيۇقسىز ئارقىسىدا « ئوغرى قاچتى » دېگەن ئاۋازلار ۋە قوغلاپ كېلىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭلىرىنى ئاڭلاپ، كالا ۋە تۆت تۇياق قوي ـ ئۆچكىنى تاشلاپ قاچقانىدى. ئابدۇكېرىم ئابدۇۋېلى ئارقىسىدىن قوغلاپ بېرىپ، ئوبۇل ئېلى بىلەن ھەسەن ئاۋۇتنى تۇسۇۋالغاندا، ئۇلارنىڭ ئال-

ىدىدا چارلاپ كېتىۋاتقان توختى بىلەن ئىسلام بۇنى سېزىپ قېلىپ، قېچىپ كېتىپ يوشۇرۇنۇۋالغانىدى. تۆت كىشىلىك ئاياغ مۇشۇ تۆت كىشىنىڭ ئىدى.

## 6

هارۋا بىلەن ئوغۇرلۇققا چىقىش بۇ يەرگە نىسبەتەن تېخى كۆرۈلۈپ باقمىغان، شەكلى ئۆزگەرگەن يېڭى بىرخىل ئوغۇرلۇق تۈرى ئىدى. پەيچۇسو خادىملىرى ئۇلارنىڭ يەنە شېرىكلىرى بار دەپ قاراپ، تور سېلىش دائىرىسىنى كېڭەيتتى. تۆت نەپەر جاۋابكارنى بىر - بىرىگە ئۇچراشتۇرماي سوراق قىلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئاقساقمارال يېزىسىدىكى ئەمەت ئاۋۇت، چوڭقۇرچاق يېزا 31- كەنتتىكى سادىن ۋە قامغاقدۇق كەنتىدىكى ئەخەت قاتارلىق ئوغرى - قىمارۋازلارنىڭ تىل بىرىكتۈرۈپ، 1984- يىلى 8- ئايدا تەشكىللەنگەن ئوغۇرلۇق شايكىسىنى پاش قىلدى. دەسلەپكى قەدەمدە سېرىقبۇيا پەيچۇسوغا يىغىۋېلىنغان بەش نەپەر جىنايەتچىنىڭ بىرلىشىپ يەتتە قېتىم ئوغۇرلۇق قىلىپ، 4500 يۈەن قىممىتىدىكى ماددىي نەرسىلەرنى ئوغۇرلىغانلىقىنى ئېنىقلىدى. كادىر - ساقچىلار گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ، ئىلگىرىكى ئالتە قېتىملىق ئوغۇرلۇققا قوۋۇلۇق قىلىپ تۇتۇلماي كەلگەن بۇ جىنايەتچىلەرنى پاش قىلىش، ئېنىقلاش، تۆلۈتۈپ ئېلىش، قېچىپ كەتكەن ئىككى نەپەر ئوغرىنى ئىزدەپ، رازۋېتكا قىلىش ئېلىپ باردى ۋە 9- ئاينىڭ 28- كۈنىگىچە ئوغۇرلىغان نەرسىلەرنىڭ ئەسلى قىممىتى بويىچە 80 پىرسەنتىنى ئەسلىگە كەلتۈردى.

* * *

ئابدۇكېرىم ئابدۇۋېلى تۆھمەت چاپلانغاندا غەزەپ

ۋە ئازابتىن ئۆرتۈنۈپ لەختىگە ئايلىنىپ كەتمىگەن بولسا، مانا ئەمدى بۇ ئىشلارنى كۆرۈپ خۇشاللىقتىن يېرىلىپ كەتمىدى. بىمەنە گەپ قىلغۇچىلارچۇ؟ نومۇس ۋە ئازابتىن يەنىلا يەر تېگىگە كىرىپ كەتمىدى. بېشىنى ياقىسى بىلەن يوشۇرماقچى، تاتىرىپ تۇرۇپ «خاپا بولماڭ» بىلەن ئىشنى تۈگەتمەكچى بولدى، خالاس. ئابدۇكېرىم ئابدۇۋېلى ئەنە شۇنداق ھەرىكەتلىنىپ ئوغرىنى تۇتمىغان بولسا، ئەل-جامائەت ئالدىدا بىر ئۆمۈر يۈزى سۆرۈن بولۇپ قالاتتى. بۇ پاكىتلار بىزگە ھەر قانداق بىر ئىشنى قىلغاندا، باشدا يىغى بىلەن تەلتۆكۈس تاماملىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى، ئەھمىيىتىنى چۈشەندۇرمەمدۇ؟!

1985- يىل، سىنتەبىر، مارالبېشى.



# قەيسەرلىك قەسەمدىن كۈچلۈك

«قارى ھەسەننىڭ كاساپىتى بىلەن مەھەللىمىزدىكىلەر-
نىڭ بىرمۇ توخۇسى قالماي ئۆلۈپتۇ» دېگەن شۇم خەۋەر
تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ غەربىي قىسمىغا جايلاشقان قۇم
بارخانلىرى ئارىسىدىكى بۇ كىچىككىنە خىلۋەت يېزىغا تار-
قالغاندا، بۇ يېزىدىكى توخۇسى بار دېھقانلار «ئاپەت بىز-
نىڭ توخۇلارغىمۇ تېگەرمۇ، قانداق قىلارمىز؟» دەپ ئەندى-
شىگە چۈشتى ۋە مۇداپىئە ئوكۇلى سالدۇرۇشقا ئالدىراشتى.

1

شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە يېزىلىق پارتكومنىڭ كاتىپى
مۇھەممەت ئەھمەت بازاردىن ئائىلىسىگە قايتقان قارى
ھەسەننى تۇۋلاپ:

— توخۇڭلاردىن قانچىسى ئۆلدى؟ — دەپ سورىدى.

— ھەممىسى ئۆلدى ، — دېدى قارى ھەسەن مەيۈس
ھالدا.

— قانداق بولۇپ ھەممىسى ئۆلدى؟

— شۇ گەپنى بىر قىلماڭ، ئەجەل كەلسە نېرى تۇر
دەپ توسقىلى بولمايدىكەن.

ئەسلى ئىش مۇنداق ئىدى:

قارى ھەسەن يوپۇرغا ناھىيىسىدىكى ئاخۇنلۇقۇم يې-
زىسىنىڭ كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى ئىشچىسى بولۇپ، 1980-
يىلى ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇل-

غاندا يېزا رەھبەرلىكى ئۇنىڭغا 13 مو يەرنى ئايرىپ بېرىپ، ئائىلىسىدىكى ئالتە نوپۇسىنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىقىنى ئۆزى ھەل قىلىش، يىلبويى سۇ قورۇلۇشى ۋە باشقا ئەمگەكلەرگە قاتناشماسلىق، دۆلەتكە غەللە - پاراق تاپشۇرماسلىق شەرتى بىلەن ئۆيى ئەتراپىدىكى 3000 مو ئورمانلىقنى مۇھاپىزەت قىلىشنى تاپشۇردى. ئورمانلىقتا تەبىئىي ئۆسۈملۈكلەر كۆپ بولغاچقا، چارۋا بورداش، توخۇ بېقىشقا باپ كېلەتتى. يېزا رەھبەرلىكى يىللىق پىلان تۈزگەندە، دېھقانلارنىڭ توخۇمغا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن توخۇ باققۇچىلارنى كۆپەيتىشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، قارى ھەسەننى توخۇ باققۇچى كەسىپىي ئائىلە قىلىپ بېكىتىپ، ئۇنى توخۇ بېقىشقا رىغبەتلەندۈردى. بۇ ئىش ئۇنىڭ كۆڭلىگە ياقتى. شۇڭا ئۇ، 1984 - يىلى 5 - ئايدا مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ سېرىقبۇيا بازىرىدىن ئون توخۇنى 60 يۈەنگە سېتىۋالدى. توخۇنى ئېلىپ ئۆيىگە كەلگەندىن كېيىن، كۈتمىگەن يەردە توخۇدىن بىرسى ئاق چىچىپ، بىر نەچچىنى كاكىراپلا جان بەردى. ئۇ ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن دەرھال ئۆلگەن توخۇنى ئورا كولاپ كۆمۈۋەتتى. لېكىن، قىرىشقاندەك قالغان توققۇز توخۇمۇ ئارقا - ئارقىدىن كېسەل تېگىپ ئۆلۈپ تۈگىدى. ئۇنىڭ ئايالى بۇ ئىشتىن قاتتىق تېرىكىپ تۇرغاندا، قوشنىلىرىنىڭ توخۇلىرىمۇ ئۆلۈشكە باشلىدى. 3 - 4 كۈندە تۆت ئائىلىلىك دېھقاننىڭ 35 توخۇسى ئۆلۈپ قالدى. لېكىن، ئىش بۇنىڭ بىلەن تۈگىمەي قارى ھەسەن مەھەللىسىدىكىلەرنىڭ:

— قارى دېگەن بۇ مەرەز بىز بىلەن قىرىشماسا،

كېسەل توخۇنى ئەپكېلىپ، توخۇلىرىمىزغا كېسەل يۇقتۇرامتى؟ ئۆلگەن توخۇلىرىمىزنى تۆلەپ بەرسۇن، بولمىسا، مەھەللىدىن كۆچۈپ كەتسۇن ... - دېگەنگە ئوخشاش تاپاتەنىسى ئاستىدا قالدى.

قارى ھەسەننىڭ يامان نىيەتتى يوقلۇقىنى بىلىدىغان ئايالى ئۇلارنىڭ تەنە گەپلىرىگە چىداپ تۇرالماي، ئاڭلىغان ئەلەملىك گەپلەرنىڭ دەردىنى قارى ھەسەندىن ئالماقچى بولغاندەك ئاچچىق گەپ قىلىپ غۇتۇلدىدى، لېكىن قارى ھەسەن ئېغىر-بېسىقلىق بىلەن ئايالىغا تەربىيە قىلدى.

## 2

بۇ ئىش خېلىلا بېسىقىپ قالغان كۈنلەردە يېزىلىق ھۆكۈمەت ئۇنى يەنە توخۇ بېقىشقا دەۋەت قىلدى. ئۇ يەنە 100 يۇەنگە 20 توخۇ سېتىۋالدى، ئۇ بۇ توخۇلارنى تۇجۇپىلەپ تۆت ئاي باققان بولسىمۇ، يەنە كېسەل تارقىلىپ، بۇ 20 توخۇمۇ بىر نەچچە كۈن ئىچىدىلا ئۈزۈم تېلى ئاستىنغا كۆمۈلدى. ئۇنىڭ ئۆيىدە يەنە كۆڭۈلسىزلىك باشلاندى:

— توخۇ ئالمايلى، دېسەم ئۇنىمايسىز، مانا ئەمدىغۇ تويغانسىز؟ - دېدى دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ يۈرگەن ئايالى قارى ھەسەنگە.

— بوپتۇ، قانداق قىلىمىز ئەمدى ··· - دېدى قارى ھەسەن ئوڭايسىزلىقتىن قۇتۇلۇشقا تىرىشىپ.

— بوپتۇ، دەيسىزغۇ؟! ئىككى قېتىمدا 160 يۇەننى يەرگە كۆمۈۋەتتىڭىز، سېسىق توخۇنى ئالغان پۇلغا بىر قۇردىن كىيىم - كېچەك كىيىپ، قالغىنىغا گۆش يېسەك بول-

ماسمىدى؟ ئېسىت پۇل، يېمەي ـ ئىچمەي، كەيمەي سەقلەپ
يىققانلىرىم...

— بولدى، خوتۇن. دەۋەمىگىنە شۇ گەپنى! ھېلى بىـ
كار ئەسكىرىشىپ قالىمىز.

— نېمە ئەسكىلىشىپ يۈرەتتىڭىز مەن بىلەن، ئۆيـ
گىزنى ئوبدان تۇتاي دېگەن يامانمىكەن؟! سىزنىڭ بۇزۇپـ
چاچىدىغانلىغا پۇلىڭىز شۇنچە كۆپمىدى ئەمىسە!..

— خەپ، توخۇ دېگەن مۇشۇنداق بولىدىغان بولسا...

## 3

«يىقىلغان چېلىشقا تويماپتۇ» دېگەندەك، بىر مەزـ
گىل ئۆتكەندىن كېيىن قارى ھەسەننى باشقىلار قىچقىلاپ
يۈرۈپ، ئۇنىڭ يەنە توخۇ بېقىش ھەۋىسىنى ئۇرغۇتۇپ
قويدى. يېزىدىنىمۇ بىر نەچچە قېتىم سۆيلەپ، ئىدىيۋى
تەربىيە ئىشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئايالىغا:

— كىچىك بالىمۇ يىقىلىپ ـ قوپۇپ ماڭىدۇ. زىيان
ئاچچىق، شۇنداقتىمۇ قولنى كەسمىگىچە قان چىقمايدۇ.
«ئەر ئوغلى ئۈچ» دەپتىكەن. ئاچچىق ساۋاقلارنى قوبۇل
قىلىپ، توخۇدىن بىر نەچچىنى بېقىپ باقساق، قانداق؟ ـ
دېدى، بۇ چاغدا ئايالىنىڭمۇ ئاچچىقى يېنىپ قالغانىدى،
شۇڭا ئۇلار ئەڭ ئاخىرقى قېتىم توخۇ بېقىش قارارىغا كەلـ
دى. 1985 ـ يىلى 10 ـ ئايدا قارى ھەسەن توخۇنى باـ
زاردىن ئالماي، تېرىم يېزىسىنىڭ موغال كەنتىگە بېرىپ،
بىر نەچچە توخۇ باققۇچى ئائىلىگە كىرىپ ئون توخۇنى
ئوتلاۋاتقان يېرىدىن تاللاپ قىممەت باھادا سېتىۋالدى؛
كېيىن توخۇ سانىنى كۆپەيتىپ 29 غا يەتكۈزدى؛ ئورمانـ
لىق ئارىسىغا ئىككى ئېغىز ئۆي سېلىپ، توخۇلارنى شۇ

يەرگە ئۆگەتتى. پات - پات توخۇ ئۆيلىرىنى تازىلاپ، دېزىنفېكسىيە قىلىپ تۇردى، توخۇلارنى ۋاقتىدا - ۋاقتىدا تەكشۈرتۈپ، مۇداپىئە ئوكۇلى سالدۇردى. كېسەل يۇقۇش - نىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن باشقا توخۇلارغا ئارىلاشتۇر - مىدى. ھەر خىل يەملەر بىلەن كۈنىگە ئۈچ ۋاق ئوزۇقلان - دۇردى. شۇنداق قىلىپ، توخۇلارنى خەتەرسىز باشقۇرۇش بىلەن سانىنى كۆپەيتىپ، ئايلىق تۇخۇم سېتىپ قىلىنغان كىرىمىنى 50 - 60 يۈەندىن ئاشۇردى.

1986 - يىلى 3 - ئاينىڭ 10 - كۈنى يەنە كۈتۈلمى - گەن ئىش بولدى: قارى ھەسەننىڭ ئايالى سەھەردىلا تو - خۇلارغا دان تاشلىغىلى بېرىپ، بىر ئۆلۈك توخۇنىڭ توخۇ ئۆيدە تۇرغانلىقىنى كۆردى - دە، دەرھال ئورا كولاپ، ئۆلۈك توخۇنى كۆمۈۋەتتى. قارى ھەسەن بۇنى ئاڭلاپ، ئۆلۈك توخۇنى كۆمۈۋەتكەن جايدىن ئېچىپ ئالدى - دە، كىمنىڭ توخۇسى ئىكەنلىكىنى سۈرۈشتۈردى ۋە قوشنىسىنىڭ بىر كېسەل توخۇنى «ئۆلتۈرۈپ يەيمەن» دەپ بازاردىن سېتىۋالغانلىقىنى بىلدى. ئۇ قوشنىسىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ سۈرۈشتۈردى.

— بازاردىن ئەكېلىپ تۇرۇشۇمغا قولۇمدىن ئۇچۇپ چىقىپ كېتىپ، تۇتالمىغانىدۇق. قانداق بولۇپ سىزنىڭ ئېغىلىڭىزغا بېرىپ ئۆلگەندۇ؟ - دېدى قوشنىسى بىلمىگەن كىشى بولۇپ.

— كېسەل توخۇ قانداق قىلىپ سىزنىڭ قولىڭىزدىن ئۇچۇپ كېتىپ مېنىڭ توخۇلىرىم ئارىسىغا كىرىپ ئۆلىدۇ؟ ئۆزىڭىز ئاپىرىپ تاشلاپ قويۇپسىز...

— ئاللا بىللا ئۇنداق قىلمىدىم.

قارى ھەسەن ئاخىرى ئۆلۈك توخۇنى كۆتۈرۈپ، قوشـ
نىسىنى ئەگەشتۈرۈپ يېزىلىق پارتكومغا سۆرۈشۈپ كىردى.
مۇھەممەت ئەھمەت ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن، تەكشۈرۈپ،
قارى ھەسەننىڭ قوشنىسىنى ئاخىرى راست گەپ قىلىشقا
قىستىدى.

ئەسلىدە قارى ھەسەننىڭ بۇ قوشنىسى قانۇنسىز ھالـ
دا ئورمانلىق ئارىسىغا بىر مو كۈزگى بۇغداي تېرىۋالغان
بولۇپ، ئەتىياز كىرگەندىن بۇيان قارى ھەسەننىڭ توخۇـ
لىرى بۇغداينى يۇلۇپ يەپ كۆكلەتمىگەنىدى. ئۇنىڭ ئۈسـ
تىگە ئۇ، ئۆتكەندە توخۇسى ئۆلۈپ قارى ھەسەندىن كۆرـ
گەنلەرنىڭ بىرى بولغاچقا، ئۇ «مېنىڭ توخۇلىرىمنى قاـ
رى ھەسەن ھارام ئۆلتۈرۈۋەتتى» دەپ ئۆچمەنلىك ساقـ
لاپ كەلگەنىدى. شۇڭا ئۇ كېسەل توخۇنى ئۆلتۈرۈپ قارى
ھەسەننىڭ توخۇلىرىنىڭ ئارىسىغا تاشلاپ، كېسەل يۇقتۇـ
رۇپ، ئۇنىڭ توخۇلىرىنى يوقاتماقچى بولغانىدى. مۇھەمـ
مەت ئەھمەت ئۇلاردىن ھۆججەت ئالدى: قارى ھەسەننىڭ
قوشنىسى 3- ئاي ئىچىدە ئۇنىڭ توخۇسى ئۆلسە تۆلەيدىـ
غان، قارى ھەسەن كېسەل توخۇنىڭ ئۆلۈكىنى كۆتۈرۈپ يۈـ
رۈپ كېسەل تارقاتقاچقا، شۇ ئەتراپتىكى مەھەللىلەردە
توخۇ ئۆلسە جاۋابكارلىقنى تارتىدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلـ
لەن مۇداپىئە كۈچەيتىلىپ، خەتەرنىڭ ئالدى ئېلىندى،
ئىككى ئائىلە ئاداۋەت ساقلىماي، ساۋاقنى قوبۇل قىلىپ،
بۇرۇنقىدەك ئىناق قوشنىلاردىن بولۇپ قالدى.

5

1986 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى بىز قارى ھەـ
سەن مۇھاپىزەت قىلىدىغان ئورمانزارلىقنى كۆرۈپ قايتىـ

قاندا، ئۆزىنىڭ ئۆيىگە كىردۇق. ھازىر ئۇنىڭ چوڭ توخۇسى 50 كە يېتىپتۇ. تۇخۇم سېتىپ تاپقان كىرىمىنى 400 يۈەنگە يەتكۈزۈپتۇ. ئەتىياز كىرگەندىن بۇيان تۆت ئۇۋىدا چۈجە چىقىرىپ، 29 نى ئەي قىپتۇ. ئايالى توخۇلارنى قارى ھەسەندىن بەكرەك ئاسرايدىكەن، توخۇ بېقىش ئىرادىسى كۈچلۈك ئىكەن. ئۇلار يىل ئاخىرىغىچە توخۇ سانىنى 200 گە يەتكۈزۈشنى پىلانلاپتۇ.

— بۇ يەرنىڭ تۇپرىقى قۇرغاق، سۈيى قىس، ھاۋا ئىسسىق، توخۇ دېگەن ئىسسىققا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. لېكىن قارى ھەسەن ھازىر خېلى تەجرىبىگە ئىگە بولۇپ قالدى، - دېدى مۇھەممەت ئەھمەت سۆز قىستۇرۇپ،- بۇ يەر ناھىيە بازىرىدىن 56 كىلومېتىر يىراق ھەم ئادەم ئاز بولغاچقا، بىرەر قوينى ئۆلتۈرسە گۆشى تۈگىمەي سېسىپ قالىدۇ. سەي - كۆكتات تېخىمۇ كەمچىل، سەللا شامال چىقسا قۇم ياغىدىغان، ئاپتاپ چىقسا ئوت دېڭىزىغا ئايلىنىپ كېتىدىغان بۇنداق ماكاندا توخۇ بېقىپ تۇخۇمدىن پايدىلانمىساق بولمايدۇ. قارى ھەسەننىڭ توخۇ بېقىپ مۇشۇنچىلىك بىر ئىشنى قىلالىشى كىچىك ئىش ئەمەس، ھازىر ئۇ دېھقانلارنىڭ تۇخۇمغا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشتىكى باشلامچى بولۇپ قالدى.

1986 - يىل، ئىيۇن، يوپۇرغا.



# قۇلۇپساز ھەققىدە ھېكايە

ئاخشامدىن بۇيان، ئابدۇغېنى تىت - تىت بولدى. ئەلۋەتتە بۇ تاسادىپىي ئەمەس، تەقەززالىق ئىدى: شۇڭا ئۇ سەھەردىلا ئورنىدىن تۇردى - دە، دۇكانغا بېرىشقا ئالدىراپ چاي ئىچىشكىمۇ ئۈلگۈرمەي ئۆيدىن چىقتى.

ئۇ دۇكانغا بارغاندىن كېيىن، باش چۆكۈرۈپ قاتتىق ئىشلەپ، ۋاقىتنىڭ خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغانلىقىنىمۇ سەزمىدى، بىر چاغدا ھارغىنلىق ھېس قىلدى، لېكىن، توختاپ قالمىدى، شۇ ئارىدا، نەچچە ئون كىشى بۇزۇلغان قۇلۇپلىرىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ ئوڭشاپ بېرىشنى، يەنە بىر نەچچە كىشى ئاچقۇچ ياساپ بېرىشنى ئۆتۈندى. لېكىن، ئۇ، ئوڭشاپ بېرىشكە ھازىرچە ۋاقتى يوقلۇقىنى، بىر قانچە كۈندىن كېيىن، ئوڭشاپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇلارنى يولغا سالدى. دۇكاننىڭ بىر تەرىپىدە ئۆز ئىشى بىلەن بەنت بولۇۋاتقان دادىسى ئۇنىڭ بىر نەچچە ئون پارچە تۆمۈر - تەسەكنى ھەدەپ بىر - بىرىگە چېتىش، قوراشتۇرۇش، يەنە چۇۋۇش، يەنە قوراشتۇرۇش، يەنە ئېكەكلەپ ئۇپرىتىش... بىلەن بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى، نەچچە ئون خېرىدارنىڭ پۇلىنى ئالماي، قايتۇرۇۋەتكەنلىكىنى كۆرۈپ گەپ قىلغۇسى كەلدى، لېكىن ئۇ، ئوغلىنىڭ بىرەر ئىشنى قىلماقچى بولسا، قىلىپ بولمىغىچە ئارام تاپمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر ئابدۇغېنىنىڭ بىرەر يېڭى

ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى يىپەكلىكەن ئىدى. كۈن ئولتۇراي دەپ قالغاندا، تاقىتى تاق بولغان دادا سورىماي تۇرالمىدى:

— بالام، نېمە ياسىماقچى ئىدىڭ؟

— شەددە قۇلۇپنى ئۆزگەرتىپ ياساپ، ئاچقۇچنى بېقىنىدىن سالىدىغان قىلماقچى ئىدىم، — دېدى ئابدۇغېنى جاۋابەن.

بىر قانچە كۈن ھەپىلىشىپ، ئابدۇغېنى بۇ خىل قۇلۇپنى ئاخىرى ياساپ چىقىپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. ئۇ، بۇنىڭ بىلەن توختاپ قالمىدى، يەنە بىر خىل قۇلۇپنى لايىھىلەپ ياساپ چىقىشنى پىلانلىدى، بۇ خىل قۇلۇپ تۆت چاسا، كۆرۈنۈشى كۆركەم بولۇپ، بىر قانچە يېرىگە نەقىش، گۈل چېكىلەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاچقۇچ ئېغىزى يوشۇرۇن بولۇپ، قۇرۇلمىسى مۇرەككەپ، پۇختا، مۇستەھكەم بولاتتى. ئابدۇغېنى بىر كۈنى بۇ خىل قۇلۇپتىن بىرنى ياساپ بوۋىسىنىڭ يېنىغا كۆتۈرۈپ كىردى:

— چوڭ دادا، بۇ قۇلۇپنى ياساپ چىقتىم، كۆرۈپ باقە!؟ — دېدى قۇلۇپنى ئۇزىتىپ.

— ياساپ چىقتىم دېدىڭما؟! — دېدى بوۋاي ھەيران قېلىپ.

بوۋاي قۇلۇپنى قولىغا ئېلىپ ئۇيان — بۇيان چۆرۈپ كۆرۈپ، نۇرسىز كۆزلىرىدىن مىننەتدارلىق ياغدۇرۇپ ئۇنىڭغا تىكىلدى.

— ناھايىتى ئوبدان ياساپسەن، مۆجىزە يارىتىپسەن، — دېدى بوۋاي ھاياجان بىلەن، — سەن جەمەتىمىزنىڭ 3 — ئەۋلاد قۇلۇپسازى، ئۇنى ئۇزۇپ قويساق بولمايدۇ،

ساڭا ئوخشاش يېڭىلاپ تۇرۇش لازىم. شەددە قۇلۇپ بىز-
نىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمىزدىن قالغان تەۋەررۈك، ئەينى چاغ-
لاردا شەددە قۇلۇپنىڭ خېرىدارى كۆپ ئىدى، كېيىنكى كۈن-
لەردە ئۇنىڭ بازىرى تۆۋەنلەپ كەتتى. ئەمدى سەن قۇ-
لۇپقا قايتا جان كىرگۈزۈپسەن، بۇ قۇلۇپنىڭ چوقۇم با-
زىرى چىقىدۇ...

ئابدۇغېنى مەھەممەت قەشقەر شەھىرىگە تەۋە قۇم-
دەرۋازا كوچا ئىش بېجىرىش باشقارما چەكمەقچى كوچا ئاھالە
كومىتېت 4- گۇرۇپپىدا ئولتۇرۇشلۇق 28 ياشلىق قۇلۇپساز
بولۇپ، ئۇ، ئەمدىلا يەتتە ياشقا كىرگەندە بوۋىسى ۋە دادى-
سىغا ئەگىشىپ دۇكانغا چىقىپ، كونا نۇسخىدىكى تۇرلۈك
قولۇپلارنى ياساش، رېمونت قىلىش، ئاچقۇچ ياساش ئىش-
لىرىنى ئۆگىنىشكە كىرىشىپ، قانچە قېتىم قولىنى كۆيدۈ-
رۈش، بولقا بىلەن ئۇرۇپ سېلىش، تىرناقلىرىنى ئېزىۋې-
ۋېتىشتەك مۇشكۇل جەريانلارنى باشتىن كەچۈرۈش ئارقىلىق
چېنىقىپ 12 ياشقا كىرگەندە، كەڭ ئومۇملۇققا ئىگە بول-
غان تۈرلۈك شەكىلدىكى شەددە قۇلۇپنى ياساش، رېمونت
قىلىش، ئاچقۇچ ياساش قاتارلىق بىر يۈرۈش ھۈنەرلىرىنى
پۇختا ئىگىلىدى. كېيىنچە ئۇ، يەتتە پەرە، ئىككى ئاچقۇچ-
لۇق، توققۇز پەرە، ئۈچ ئاچقۇچلۇق، تۆت پەرە، بىر ئاچ-
قۇچلۇق ۋە بىر ئاچقۇچلۇق تولغىما قولۇپ، ئىككى ئاچقۇچ-
لۇق تاش قاداق قولۇپ قاتارلىقلارنىڭ ئومۇمىي خۇسۇس-
يەتلىرىنى سىستېمىلىق ئىگىلەپ، دوكان ئايرىپ چىقىپ
مۇستەقىل ئىش ئېلىپ باردى، 1976- يىلىدىن كېيىن، زا-
مانغا يارىشا ئىش قىلىش، بازار ئەھۋالىنى كۆزدە تۇتۇش-
نى چىقىش قىلىپ، تۈرلۈك زامانىۋى قۇلۇپلارنى ئوڭلاش

ۋە تۈرلۈك ماشىنا، تراكتورلارنى رېمونت قىلىشنى ئۆزلۈ-كىدىن ئۆگىنىپ ياخشى نەتىجە قازاندى، بولۇپمۇ قولۇپ ياساش نازۇك ئىش بولۇپ، ئادەتتە بىردانە شەددە قۇلۇپ-نى ياساشتا 22 پارچە بۆلەكنى بىر - بىرىگە تۇجۇپسلەپ قوراشتۇرۇشقا، ئوت ئىچىگە تىقىپ كەپشەرلەشكە توغرا كې-لىدۇ، ئەگەر سەللا بىپەرۋالىق قىلىپ، ئۇنىڭ ئوتتا تۇرۇش ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈپ قويىدىغان بولسا، كەپشەرلەشتىن ياخ-شى چىقارغىلى بولمايدۇ - دە، زاپچاسلار كۆيۈپ ئېرىپ كې-تىدۇ. ئۇ مانا مۇشۇنداق نازۇك نۇقتىلارنى ياخشى ئىگىلەپ، ياسىغان قۇلۇپلارنىڭ سۈپەتلىك، مۇستەھكەم بولۇشىغا كا-پالەتلىك قىلدى.

ئۇ، 1977 - يىلدىن كېيىن، بىر نەچچە خىل ئوخشاش بولمىغان قۇلۇپ ياساپ چىقىپ، بازار تېپىش، ئەجدادلار-نىڭ ئۇمىدىنى ئاقلاشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، دەسلەپكى قە-دەمدە ياسىغان قۇلۇپلىرىنىڭ تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ، شەددە قۇلۇپنى ئىككى، ئۈچ ئاچقۇچلۇق قىلىپ ئۆزگەرتىپ ياساپ چىقتى. ئۆزى ئىجاد قىلىپ ياساپ چىققان ياپىلاق قۇلۇپ بىلەن تۆت چاسا قۇلۇپنىڭمۇ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ كۆركەم، چىرايلىق قىلىپ مۇستەھكەملىدى. كېيىنچە بۇخىل قۇلۇپنىمۇ ئىككى، ئۈچ ئاچقۇچلۇق ، تېخىمۇ مۇرەككەپ، تېخىمۇ بىخەتەر، پۇختا قىلىپ ياساپ چىقتى ۋە 200 نەچچىنى ياساپ بازارغا سېلىپ 20 يۈەندىن 50 يۈەنگىچە سېتىپ، خېرىدارلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. ئامېرىكا، ياپو-نىيىدىن كەلگەن ساياھەتچىلەرمۇ قىزغىنلىق بىلەن سېتىۋالدى.

ئۇ، ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلىپ ياساپ چىققان بىر كىلو 200 گرام ئېغىرلىقتىكى بىر دانە تۆت چاسا قۇلۇپ

قەشقەر شەھىرى ۋە ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردا كۆرگەزمىگە قويۇلدى. ئۇ، بۇنىڭدىن باشقا يەنە، ئائىلىلەردە ئىشلىتىلىدىغان ساندۇقلارغا باپ كېلىدىغان ئاچقاندا ئاۋاز چىقىرىدىغان بىر خىل قۇلۇپنى تەتقىق قىلىپ ياساپ چىقىپ جەمئىيەتكە كەڭ تارقاتتى.

1983 ـ يىلىنىڭ ياز ئايلىرى ئىدى، ياشانغان بىر ئادەمنى ئىككى كىشى يۆلەپ ئابدۇغېنىنىڭ دۇكىنى ئالدىغا ئېلىپ باردى، ئۇلار ئابدۇغېنىنى دۇكاندىن چاقىرغاندىن كېيىن، ياشانغان كىشى:

— ھوي بالامەي، سېنى قولىدىن ھەر قانداق ئىش قېچىپ قۇتۇلالمايدىغان ئۇستا دەپ ئاڭلاپ سورۇشتۇرۇپ تېپىپ ئالدىڭغا كەلدىم. ماۋۇ پۇتۇم ھادىسىگە يولۇقۇپ سۇنۇپ كېتىپ، شاڭخەيدە «پۇت» سالدۇرۇپ كەلگەنتۇق. بىر نەچچە ئاي بولدى، «تىزىم» ئىگىلمەيدىغان بولۇپ قېلىپ، يا تۈزۈككىنە ئولتۇرالمايمەن، يا تۈزۈككىنە قوپالمايمەن، يا تۈزۈك دەسسەپ ماڭالمايمەن. ئوڭلىتاي دەپ بارمىغان دوختۇرخانا، رېمونتخانا قالمىدى، لېكىن ئوڭلايدىغان ئادەم چىقمىدى، شاڭخەيگە بېرىپ ئوڭلىتىپ كېلەي دېسەم، ئەمدى ئىمكانىم يوق، پۇتۇم گۆرگە ساڭگىلىدى، مېنى بۇ ئازابتىن خالاس قىلالاڭ!؟ — دېدى ھەسرەتلەنگەن ھالدا.

ئابدۇغېنى ئويلىنىپ قالدى، بۇ خىل پۇتنىڭ قانداق قۇراشتۇرۇلۇشىنى ئۇ ئۇقمايتتى، چۇۋۇپ كۆرەي دېسە، قۇراشتۇرۇشتا چاتاق چىقىرىپ قويۇپ، يامان ئاقىۋەت كېلىپ چىقىشتىن قورقتى. ئۇ ئاخىرى چۇۋۇپ كۆرۈپ بېقىش قارارىغا كەلدى ۋە قەتئىي جۈرئەت بىلەن شۇنداق

قىلدى، ئىنچىكە تەكشۈرۈپ مەلۇم بىر زاپچاسىنىڭ ئۇپراپ، ئۈزىراپ كەتكەنلىكىنى بايقىدىدە، كېسىپ تاشلاپ، «پۈت»نى ئۇلاپ بەردى. بۇ ئىش نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ قىزىقىششىنى قوزغىدى، ئۇنىڭ داڭقى خېلى يىراقلارغا كەتتى. نۇرغۇن كىشىلەر ئۇلىمىيالمىغان نەرسىلەرنى ئۇنىڭ ئالدىغا كۆتۈرۈپ بارىدىغان بولدى، ئۇ بۇنىڭ بىلەن قانائەتلىنىپ قالمىدى. 1985 - يىلىدىن بۇيان، زاپچاسلىرىنى سېتىۋېلىش يولى بىلەن بىر دانە قول تىراكتورنى ياساپ چىقىپ، ئىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش، بازار ئېھتىياجىنى نەزەردە تۇتۇش ئارقىلىق، توك بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان كىچىك تىپتىكى ئاچقۇچ ياساش ماشىنىسى، نېپىز تۆمۈر كېسىدىغان، ئىز چىقىرىدىغان، توك بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان، قەلەيدىن ئاچقۇچ تىغى كېسىش ماشىنىسى، ساندۇق ياسىغۇچىلار ئىشلىتىشكە ماس كېلىدىغان، قول بىلەن ھەرىكەتلەندۈرىدىغان تۆنىكىگە ئىز چىقىرىش ماشىنىسى، سۇۋاركىلاش ئەسۋابى قاتارلىقلارنى ئىجاد قىلىپ ۋە ئۆزگەرتىپ ياساپ، ئىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈردى ھەم بۇ خىل ماشىنىلارنى ياساپ سېتىپ نۇرغۇن كىشىلەرگە قولايلىق تۇغدۇرۇپ بەردى.

1987 - يىل، دېكابىر، قەشقەر.

# ئادەملەر شۇنداق بولىدۇ

(پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىغا بېغىشلانغان ئەدەبىي ئاخباراتلار توپلىمى)

( ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلىدۇ )

*


ئاپتورلىرى: مۇھەممەت ھېكىم
ئابلەت جۇمە

مەسئۇل مۇھەررىرى: تۇرغۇن ئوبۇلقاسىم

مارالبېشى ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى
تۈزۈپ باستۇردى

«قەشقەر گېزىتى» مەتبەئەسىدە بېسىلدى

1991 - يىل 6 - ئاي


# 人就是这样的

献给中国共产党成立 70 周年

（报告文学集）

（内部发行）

*


作者：幕罕穆德·艾克木
阿布来提·居马

责任编辑：图尔洪·鸥布利哈斯木

巴楚县党委宣传部编

《喀什日报》印刷厂印刷

1991 年 6 月

مەسئۇل مۇھەررىر: تۇرغۇن ئوبۇلقاسىم
مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: غەيرەت خالىق

6.00元